تەمسىللەر گۈلىستانى

# قاتتىق ياغاچنى سۇمشاق قۇرت يەيدۇ

(ئۇيغۇر خەلق تەمسىللىك چۆچەكلىرى)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

كلاسسىكلار گۈلستانى

# قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەيدۇ

(ئۇيغۇر خەلق تەمسىللىك چۆچەكلىرى)


پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

تۈزگۈچى: ئابلىز بەختىيار



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۇزگۇچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەيدۇ» دېگەن كىتابتا ئۇيغۇر خەلق تەمسىللىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر ھېكايەتلىك چۆچەكلەر تونۇشتۇرۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ھەققىدە

ئوسمان ئىسمايىل تارىم

ماقال ـ تەمسىل خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمگەك ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ بېرىدىغان ئوبرازلىق ۋە ئىخچام تىل جەۋھىرى. ئۇ بىر خىل بىلىم قىممىتىگە ۋە پەلسەپىۋى چۈشەنچىگە ئىگە تارقىلىشچان ئەقلىيە سۆز.

ماقال ـ تەمسىل خەلق تىلىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئۇنى ئادەتتە كىشىلەر ئۆز نۇتقىدا دائىم قوللىنىدۇ. ئەمما، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى تىلى ئەمەس، بەلكى خەلق تىلىنىڭ تاۋلىنىپ چىققان مېغىزىدۇر. بىز ئۇنى تىلنىڭ جەۋھىرى، مېغىزى دېگەندە ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكى تۆت خىل ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتىمىز:

1. ماقال ـ تەمسىل چوڭقۇر مەزمۇنلۇق تىلدۇر. ماقال ـ تەمسىلدىكى چوڭقۇر مەزمۇن ئۇنىڭدا ئىپادە قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش بىلىمى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن كېلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى ئالساق، ئۇنىڭدا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىل جەريانىدا ھاسىل قىلغان دېھقانچىلىق («يەر ھەيدىسەڭ كۈز ھەيدە، كۈز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە»)، چارۋىچىلىق («ئات يۆتەلسە ئوقۇر

سال، كالا يۆتەلسە پىچاق»)، باغۋەنچىلىك («ئانارنى چۆلگە تىك، ئەنجۈرنى كۆلگە»)، تىبابەتچىلىك («سامساق، ئۈنى يېگەننىڭ تېنى ساق») ھەققىدىكى بىلىملىرى، شۇنداقلا كۈندىلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرى («ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرە»)، كىشىلىك مۇناسىۋەت قائىدىلىرى («ئالماقنىڭ بەرمىكى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىكى») ۋە ئەخلاقىي كۆزقاراشلار («مېۋىلىك دەرەخنىڭ بېشى تۆۋەن») كەڭ كۆلەمدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ خىل بىلىم ۋە تەجرىبىلەر ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن قايتا ـ قايتا ئەمەلىيەتتىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىنىپ، بىر خىل مەڭگۈلۈك ھەقىقەتكە ئايلانغان.

2. ماقال ـ تەمسىل ئوبرازلىق تىلدۇر. ماقال ـ تەمسىلنىڭ ئوبرازچانلىقى ـــ ئۇنىڭ پىكرىنى ئابستراكت ئۇقۇم، نەزەرىيىۋى چۈشەنچە ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى كونكرېت، ھېسسىي، جانلىق ھالەتتە ئەكس ئەتتۈرۈشكە قارىتىلغان. مەسىلەن: ماقال ـ تەمسىللەردە «كىم جىنايەت ئۆتكۈزسە، شۇ جاجىسىنى تارتىدۇ» دېگەن پىكىر «ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيەر» دەپ، «ھەرقانداق ئىشنى ۋاقتىدا قىلىش كېرەك» دېگەن پىكىر «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دەپ، «ساختا قىياپەتكە كىرىۋالساڭ، ھامان چاندۇرۇپ قويىسەن» دېگەن پىكىر «كۆلەڭگەن نېمەڭگە ھىجايما» دەپ ئىپادە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنقىسى ئابستراكت خۇلاسە ـ يەكۈن بولسا، كېيىنكىسى ئوبرازلىق، ھېسسىي شەكىلدۇر. دېمەك، ئۇ پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى ئوبرازلىق سۆزلەر ئارقىلىق

كونكرېتلاشتۇرۇپ، كۆز ئالدىمىزدا جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

3. ماقال - تەمسىل يۇكسەك دەرىجىدىكى ئىخچام تىلدۇر. ماقال- تەمسىلنىڭ ئىخچاملىقلىقى ئۇنىڭ تۇرمۇش تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يىغىنچاقلاپ ئىپادە قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىخچاملاش ئىقتىدارى ھەرقانداق ئەدەبىي شەكىلدىن يۇقىرى بولۇپ، ئىنتايىن ئاز سۆز بىلەن ئاجايىپ چوڭقۇر مەزمۇننى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن: «ھەق ئېگىلەر سۇنماس»، «ياش تۆككۈچە، مۇشت تۈگ»، «پۇل تاپقۇچە، ئەقىل تاپ» دېگەن ماقاللار كۆپ يىللىق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ھاسىل قىلىنغان قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ناھايىتى قىسقا سۆزلەر بىلەن ئىپادە قىلىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ھەربىرىنى ئادەتتىكى سۆز بىلەن شەرھلىسەك، نەچچە ئون جۈملە بولۇشى مۇمكىن. ماقال - تەمسىل ئەنە شۇنداق ئىخچام شەكىلگە ئىگە بولۇپ، ئۇ يەنىمۇ قىسقارتىشقا بولمايدىغان ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتكەن.

4. ماقال - تەمسىل ئاھاڭدار تىلدۇر. ماقال - تەمسىلنىڭ ئاھاڭدارلىقى — ئۇنىڭ قېلىپلاشقان ۋە تۇراقلىق شېئىرىي رىتىمغا ئىگە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە تۇراق، ۋەزىن، قاپىيە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئەر كۆركى — ساقال،
سۆز كۆركى — ماقال.

ياخشى سۆز تاشنى يارار،
يامان سۆز باشنى يارار.

ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ قاپىيە شەكىللىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئاياغ قاپىيە («يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن»)، باش قاپىيە («مېھنەتتىن قاچماي، مىننەتتىن قاچ»)، ئىچ قاپىيە («ئىش قورالىڭ ساز بولسا، مۇشەققىتىڭ ئاز بولار»)، ئارىلاش قاپىيە («ئورغاق تۇتۇپ ئاتاڭ قالغۇچە، ئويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسۇن»، «ئېگىلگەنگە ئېگىلگىن بېشىڭ يەرگە تەگكۈچە، كېرىلگەنگە كېرىلگىن بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە») شەكىللىرىدە بولىدۇ. ماقال ـ تەمسىلنىڭ مۇنداق ئاھاڭدارلىق خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئەستە قالدۇرۇشقا ئاسان، تارقىلىشى كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىگەن.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ماقال ـ تەمسىل خەلق تىلىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، ئوبرازلىق، ئىخچام ۋە ئاھاڭدار شەكلىدۇر.

ماقال ـ تەمسىل بىر مىللەت تىلىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سۆز ۋە جۈملىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولىدۇ. نۇتۇق پائالىيەتلىرىمىزدىكى ماقال ـ تەمسىللەر بەزىدە سۆز، بەزىدە سۆز بىرىكمىسى ۋە بەزىدە جۈملە رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن: ئەگەر بىز «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەن تەمسىلنى يالغۇز ئىشلەتسەك، ئۇ بىر تولۇق ئاياغلاشقان جۈملە

ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنى مەلۇم بىر جۈملىنىڭ ئىچىگە قويۇپ «‹جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا› ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرمامدۇ» دەپ ياكى «‹جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا› دېگەندەك، «ئۇ ماڭا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ پۇلۇمغا دوست» دەپ ئىشلەتسەك، ئۇ ھالدا ئۇ جۈملە تەركىبىدە سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى بولۇپ كېلىدۇ. ماقال - تەمسىل ئەنە شۇنداق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىدىكىسى بولىدۇ (مەسىلەن: «پولۇ قورۇشتىن، شورپا سورۇشتىن»)، كۆچمە مەنىدىكىسى بولىدۇ (مەسىلەن: «قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەيدۇ»)، كەڭ مەنىدىكىسى بولىدۇ (مەسىلەن: «چىقماقنىڭ چۈشمىكى بار، ئالماقنىڭ بەرمىكى»)، ئەكس مەنىدىكىسى بولىدۇ (مەسىلەن: «مۆزلىساڭ مۆزدا يات») ۋە مەنداشلىرى بولىدۇ (مەسىلەن: «تويغا بارساڭ تويۇپ بار، بەش بالاڭنى قويۇپ بار»، «تويغا بارساڭ تويۇپ بار، بۆز خالتاڭنى قويۇپ بار»)، شۇنداقلا زىت مەنىدىكىلىرىمۇ بولىدۇ (مەسىلەن: «ئاتمىشقا كىرگەن ئاتىدىن ئەقىل سورىما» ←→ «چوڭنىڭ ئەقلىمۇ چوڭ»).

ماقال - تەمسىللەر كۈچلۈك مىللىي خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق مىللىي خاراكتېر ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدە ئەڭ روشەن كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: «بەزى ئادەملەر مەلۇم ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى يوقىتىپ قويىدۇ» دېگەن بۇ پىكىرنى ئالساق، ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا «ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ» دېگەن ماقال بىلەن ئىپادىلەنسە، خەنزۇتىلىدا «和尚见钱经也卖»

(راھىب پۆلنى كۆرگەندە نومىنمۇ سېتىۋېتىدۇ) دېگەن ماقال ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە ئوخشاش بىر پىكىر ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنى، خەنزۇلاردا بۇددا دىنى ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، بەزى ماقال - تەمسىللەرنى باشقا مىللەتنىڭ تىلىغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل تەرجىمە قىلغاندا مەنىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئالايلۇق، بىز ئەگەر «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەن بۇ تەمسىلنى خەنزۇتىلىغا «鬼魂的企图在桃子上» دەپ تەرجىمە قىلساق، خەنزۇلار بۇنىڭدىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەيدۇ. دېمەك، ماقال - تەمسىل مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ئۇسۇلى، پسىخىكىسى، ياشاش شارائىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئەخلاق چۈشەنچىلىرى، ئېستېتىك كۆزقاراشلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىقلارنى ئەڭ ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەدەبىي شەكىلدۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ كۆزنىكىدۇر.

ماقال - تەمسىل ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىنتايىن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ ئىنسانلارنىڭ قىممەتلىك بىلىم ۋە تەجربە - ساۋاقلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئەۋلادمۇئەۋلاد قوللىنىلىپ كېلىنىۋېرىدۇ. مەسىلەن: «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن «كىشى ئالەسى ئىچتىن، يىلقى ئالەسى تاشتىن»، «ئاش تاتىقى تۇز»، «كېڭەشلىك بىلىك ئارتاماس»، «ئەركەچ گۆشى ئەم بولار، ئۆچكە گۆشى يەل بولار»

www.uyghurkitap.com

دېگەنگە ئوخشاش ماقال - تەمسىللەر بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنلا ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئەۋلادمۇئەۋلاد قوللىنىلىپ، ئۆز پېتى ياكى قىسمەن ئۆزگەرگەن ھالەتتە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ ھال ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مىللىي گېنى سۈپىتىدە مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، يەنە بىر قىسىم قەدىمكى ماقال - تەمسىللىرىمىز ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قالغان. مەسىلەن: «قۇل ياغى، ئىت بۆرى» (قۇل دۈشمەن، ئىت بۆرە)، «ئىم بىلسە ئەر ئۆلمەس» (پارول بىلگەن ئەر ئۆلمەيدۇ)، «يەر ياۋۇزى قازغان، بودۇن ياۋۇزى بارسغان» (يەرنىڭ ئەسكىسى قازغان، خەلقنىڭ ئەسكىسى بارسغان) قاتارلىق ماقال - تەمسىللەر بۈگۈنكى كۈندە ئىشلىتىلمەيدىغان بولۇپ قالغان. بۇنداق قىسمەن ماقال - تەمسىللەرنىڭ يوقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى ماقال-تەمسىللەرنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ بىر خىل مۇقەررەر ھادىسە بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەندىزىلىك قانۇنىيىتىدۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىستېمالدىن قالغان بۇنداق ماقال - تەمسىللىرى بىزگە يىراق ئۆتمۈشتىن ئۇچۇر بېرىدۇ. ئۇ بىزگە قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرى، تۇرمۇش يولى، تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە ئېتىقاد - چۈشەنچىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماقال - تەمسىللىرى شەكىل

قۇرۇلۇشى، تۈزۈلۈشى ۋە مەنە ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىز بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ماقال - تەمسىللەرنى ئۈچ تۈرگە بۆلەلەيمىز:

1. ماقال. ماقال — ئەمگەكچى خەلقنىڭ قىممەتلىك بىلىملىرى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى بىۋاسىتە ھالدا ئىخچام ئىپادە قىلىپ بېرىدىغان ئەقلىيە سۆزدۇر. ماقالنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدىكى پىكىر ھايۋانات ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى توغرىدىن - توغرا، ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن: «ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى»، «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

2. تەمسىل. تەمسىل — ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەرخىل ھادىسە ۋە تەجرىبە - ساۋاقلارنى ھايۋانات ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدىغان كۆچمە مەنىدىكى ئەقلىيە سۆزدۇر. تەمسىلنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا پىكىر ماقاللارغا ئوخشاش بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ، بەلكى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ قىياپەت - خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ۋاستىلىك ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن: «قاغا بالام ئاپئاق بالام، كىرپە بالام يۇمشاق بالام»، «توخۇ داڭگال چۇشەر، ئۆچكە جاڭگال» دېگەنلەرگە ئوخشاش. تەمسىللەرنىڭ بەزىلىرىدە ئىپادە قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەمەلىيەتتە شۇ نەرسىلەردە ئەسلا مەۋجۇت بولمىغان ۋە

www.uyghurkitap.com

بولمايدىغان خۇسۇسىيەتلەر بولۇپ، ئۇ پوتونلەي ئىجاد قىلغۇچىلار تەرىپىدىن تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ۋە شۇ نەرسىگە يۈكلەپ قويۇلغان. مەسىلەن: «تۆشۈك يىرتىقتىن كۈلەر، چۆمۈچ قازاندىن» دېگەن تەمسىلدە ئېيتىلغاندەك، تۆشۈكنىڭ يىرتىقنى، چۆمۈچنىڭ قازاننى مەسخىرە قىلىشى رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمايدىغان ئىشلاردۇر. ناھايىتى روشەنكى، بۇنداق تەمسىللەر ئەمەلىيەتتە ھەرگىزمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل نەرسىلەرگە قارىتىلغان بولماستىن، ئىجتىمائىي ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىككە قارىتىلغاندۇر. يەنە بەزى تەمسىللەردە ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان ئالاھىدىلىكلەر بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئىت يېنىدا سۆڭەك تۇرماس»، «قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەيدۇ» دېگەنلەرگە ئوخشاش. بىراق قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، تەمسىلنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قىياپىتىنى بايان قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇشتىن ئىبارەت.

3. تەمسىللىك ماقال. تەمسىللىك ماقال — تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە ئوخشىتىلغان، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، يەنى تەمسىل ئارقىلىق ماقال ئىزاھلانغان ئەقلىيە سۆزدۇر. تەمسىللىك ماقال تەمسىل بىلەن ماقالنى ئۆزئارا

بىرلەشتۈرۈشتىن شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا تەمسىلدىكىگە ئوخشاش تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىپادە قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى قانداق ھادىسىگە ئىشارە قىلىنىۋاتقانلىقىمۇ ئوچۇق ئېيتىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن: «ئالتۇن ئوتتا، ئادەم مېھنەتتە بىلىنەر»، «ئاي تۇندە كېرەك، ئەقىل كۈندە»، «يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ماقال، تەمسىل ۋە تەمسىللىك ماقاللارنىڭ كۆپىنچىسى ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: «بىلىم — ئەقىل چىرىغى، يوقتۇر يولنىڭ يىرىقى» (ماقال)، «توخۇ داڭگال چۇشەر، ئۆچكە جاڭگال» (تەمسىل)، «ئۆستەڭ يارىشىقى تال، قىزنىڭ يارىشىقى خال» (تەمسىللىك ماقال). بۇلارنىڭ بىرى ئاساسىي بۆلەك، ئىككىنچىسى قوشۇمچە بۆلەك بولۇپ، قوشۇمچە بۆلەك ئاساسىي بۆلەكنى تولۇقلاش، كۈچەيتىش ۋە جانلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئىشلەتكەندە ئاساسىي بۆلەكنى ئېلىپ، ياردەمچى بۆلىكىنى قالدۇرۇپ قويۇشقىمۇ ياكى ھەر ئىككى بۆلەكنى بىردەك ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. يەنە بەزى ماقال ـ تەمسىللەر پەقەت بىرلا بۆلەكتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇمچە بۆلىكى بولمايدۇ. مەسىلەن: «ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى» (ماقال)، «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» (تەمسىل)، «قىشنىڭ ئاپتىپى — دۇشمەنىنىڭ كۈلگىنى» (تەمسىللىك ماقال). ئەلۋەتتە، بۇنداق ماقال ـ تەمسىللەردىكى بىرەر سۆزنىمۇ تاشلىۋېتىشكە

www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ.

ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى مول بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە گەۋدىلىك ئەدەبىي شەكىلگە ئىگە. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلىملىرىنى يەكۈنلەپ بېرىش سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ بىلىم قامۇسى ۋە دەرسلىكى بولغان. ئۇ كىشىلەرگە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۈنۈملۈك ئەمگەك قىلىش ۋە توغرا ياشاش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. كېيىنكى ئەۋلادلار ئالدىنقى ئەۋلادلار تەرىپىدىن يارىتىلغان ماقال ـ تەمسىللەردىكى بىلىم ۋە قانۇنىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغان، شۇنداقلا بۇ ماقال ـ تەمسىللەرنى يەنە ئۆزلىرى ياراتقان يېڭى ماقال ـ تەمسىللەر بىلەن قوشۇپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا تارقاتقان. شۇنداق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ بىلىم ۋە تەجرىبىلىرى ماقال ـ تەمسىل ئارقىلىق ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارقىلىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن.

ماقال ـ تەمسىل خەلق تىلىنىڭ جەۋھىرى بولغاچقا، كىشىلەر ماقال ـ تەمسىلدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئويلىرىنى دەل جايىدا ئىپادىلەپ بەرگەن. ماقال ـ تەمسىل كىشىلەرنىڭ سۆھبەت ۋە نۇتۇقلىرىنى ئىخچاملىققا، ئوبرازچانلىققا، جانلىقلىققا ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلغان.

ماقال ـ تەمسىل ئەدەبىي جەھەتتىن گەۋدىلىك تۈسكە ئىگە بولغاچقا، تارىختىن بۇيان نۇرغۇن يازغۇچى، شائىرلار ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. بىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدىبلىرىدىن

مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ئەلىشىر نەۋائىي، ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە موللا بىلال نازىمى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ماقال - تەمسىللەردىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلانغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلالىۋالالايمىز. ئەدەبىياتىمىزنىڭ پېشۋالىرىدىن نىم شېھىت، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيېف، ئابدۇكېرىم خوجا، قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىر قاتارلىقلارمۇ ماقال - تەمسىللەرنى قوللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ شېئىرىي پىكىرلىرىنى جانلىق ئوتتۇرىغا قويغان، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئېچىپ بەرگەن ھەمدە ئەسەرلىرىنى روشەن مىللىيلىككە ئىگە قىلغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ماقال - تەمسىللەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى قىممەتلىك مىراس، ئۇ خەلق ھاياتىنىڭ قامۇسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنى مول ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلىمى بىلەن تەمىنلەيدۇ، مىللىتىمىزنىڭ يۈكسەك ئەخلاق - پەزىلىتىنى نامايان قىلىدۇ، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقلەر

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ژانىرلىرىدىن بىرى بولغان ماقال ـ تەمسىللەر كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇزاق تارىخىي، ئىجتىمائىي تەجرىبىلىرى، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ ئەڭ ئىخچام يەكۈنى بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلقنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھاياتى، دۇنيا قارىشى، پەزىلەتلىرى، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مىجەز ـ خۇلقى، جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى، تىلەك ـ خاھىشلىرى، ئىلىم ـ پەن ۋە ھۈنەر ـ كەسىپكە بولغان قىزغىنلىقى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك خىسلەتلىرى، ئەمگەك ۋە ئەمگەكنى سۆيۈش، كوللېكتىپ ۋە كوللېكتىۋىزملىق توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى، قىسقىسى، خەلق ئاممىسىنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ماقال ـ تەمسىللەرنى بىز «خەلق بىلىمىنىڭ قامۇسى» دەيمىز.

ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش، خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىن

ئايرىلالمايدۇ.
ماقال ـ تەمسىل ھەققىدە تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېلىپ بارمىغاندا، ماقال بىلەن تەمسىلنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىدىغان، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق بىلەن پەرقلەرنى ئېنىق ئايرىيالمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مەن بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ۋە فولكلورشۇناسلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە ئۆزۈمنىڭ ئىزدىنىشلىرىمنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ ئورتاقلىقى ۋە پەرقى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.
ماقال — ئەمگەكچى خەلقنىڭ قىممەتلىك بىلىملىرى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى بىۋاسىتە ھالدا ئىخچام ئىپادە قىلىپ بېرىدىغان، بېشىدىن كەچۈرگەن ۋەقەلەرنى يەكۈنلەپ بېرىدىغان، كىشىلەرگە ئۈلگە، ئىبرەت بولىدىغان شېئىرىي ئاھاڭدارلىق فورمىسىدىكى ئەقلىيە سۆزدۇر. مەسىلەن: «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە»، «بىرلەشكەن ئۇزار، بىرلەشمىگەن تۇزار»، «ئىلىملىك نۇر، ئىلىمسىز خور»، «چىقماقنىڭ چۈشمىكى بار، ئالماقنىڭ بەرمىكى.»
تەمسىل — ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ھادىسە ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى، تۈرلۈك ھادىسىلەرنى، كىشىلەرنىڭ ياخشى ـ يامان خۇسۇسىيەتلىرىنى ھايۋان ۋە نەرسىلەرنىڭ ھالىتى ئۈستىگە كۆچۈرۈپ ئىپادىلەپ بېرىدىغان كۆچمە مەنىدىكى تەسۋىرىي سۆزلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن: «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە»، «چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە،

مۇشۇكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەر»، «توخۇ داڭگال چۈشەر، ئۆچكە جاڭگال.»

يۇقىرىقى تەبىردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ماقال بىلەن تەمسىل ھەم ئورتاقلىقىقا ئىگە، ھەم ئۆزئارا پەرقلىق بولىدۇ. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

1. ماقال ۋە تەمسىللەردە ئىخچام سۆز ـ جۈملىلەر ئارقىلىق چوڭقۇر مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

1) ھەق ئېگىلەر، سۇنماس.

2) يەر تويمىغۇچە، ئەر تويماس.

3) جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا.

4) ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر،
توشقاننى قومۇش.

2. ماقال ـ تەمسىللەردە ئوبرازچانلىق يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئوبرازچانلىق خۇددى باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئوخشاشلا ماقال ـ تەمسىللەرنىڭمۇ بىر ئالاھىدىلىكىدۇر. مەسىلەن:

1) ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيەر.

2) تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق.

3) تۈلكىنى كۆرەڭلەتكەن يولۋاسنىڭ ھەيۋىسى.

4) پالتا چۈشكىچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ.

بۇ ماقال ـ تەمسىللەر تۈرلۈك ئابستراكت پىكىرلەر ئوبرازلىق سۆزلەر ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرۇلۇپ، مەنىنى كۆز ئالدىمىزدا جانلىق گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ. ماقال ـ

تەمسىللەردە مانا مۇشۇنداق چوڭقۇر ئىدىيە بىلەن ئوبراز ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ.

3. ماقال ـ تەمسىللەر قويۇق شېئىرىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، سۆزلەر باش قاپىيە، ئىچكى قاپىيە، ئاياغ قاپىيە، ئارىلاش قاپىيە قاتارلىق شەكىللەر بويىچە قاپىيىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

1) ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە.(باش قاپىيە)

2) ئىش قورالىڭ ساز بولسا، مۇشەققىتىڭ ئاز بولار. (ئىچ قاپىيە)

3) ئەرنىڭ قوتى قورقماسلىقتا،
سۇنىڭ قوتى چوڭقۇرلۇقتا. (ئاياغ قاپىيە)

4) ئېگىلگەنگە ئېگىلگىن، بېشىڭ يەرگە تەگكۈچە،
كېرىلگەنگە كېرىلگىن، بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە. (ئارىلاش قاپىيە)

4. ماقال ـ تەمسىللەر تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىن 1 ـ بۆلىكىدە شەرت ـ شارائىت بېرىلسە، 2 ـ بۆلىكىدە نەتىجە ۋە خۇلاسە بېرىلىدۇ، يەنى، بىرىنچىسى ئىگە، ئىككىنچىسى خەۋەر ھالىتىدە تۈزۈلىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

مەسىلەن:

1) خەلق قوزغالسا، تۆمۈر مۇنارمۇ گۇم بولىدۇ.

2) ئوغلۇڭ چوڭ بولسا يىگىتلىكىڭنى ئالار،
قىزىڭ چوڭ بولسا چوكانلىقىڭنى.

3) چاشقان ئەرز يازسا، مۈشۈك تەستىقلىماپتۇ.

5. ماقال بىلەن تەمسىل گەرچە ئۇزۇن تارىخىي

دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار باشقا ژانىرلارغا ئوخشاش جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ باردۇ. بەزىلىرى يېڭى - يېڭى مەزمۇنلار ۋە شەكىللەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىسە، بەزىلىرى ئىستېمالدىن قالىدۇ. يەنە بەزىلىرى گەرچە پۈتۈنلەي ئىستېمالدىن قالمىسىمۇ، ئەسلىدىكى مەنىلىرىدىن ئايرىلىپ، يېڭى مەنە ۋە مەزمۇنغا ئىگە بولغان ھالدا قىسمەن ئۆزگەرتىلىپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

1) كۆرەش قىيىن، غەلىبە شېرىن.

2) كىشىنىڭ تامىقىنى يەپ تىلىڭ قىسقىرىدۇ،
كىشىنىڭ سوۋغىسىنى ئېلىپ قولۇڭ قىسقىرىدۇ.

3) كادىر بولساڭ سىلىق بول،
سۇغا چۈشكەن بېلىق بول.

6. ماقال - تەمسىللەردە ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ناھايىتى جانلىق قوللىنىلىپ، كىشىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

1) ئارسلان ھۆركىرىسە، ئات ئايىغى كالۋالىشىدۇ.

2) ئۇۋچى قانچە ھىيلە بىلسە،
ئېيىقمۇ شۇنچە ھىيلە بىلىدۇ.

3) پەزىلەتلىك كىشى خۇددى گۆھەردەك،
پەزىلەتسىز كىشى پېتەكتەك.

7. ماقال - تەمسىللەر كۆپىنچە ھاللاردا ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلۈپ، مۇكەممەل بىر ئوي - پىكىرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

1) يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن،
قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن.
2) توخۇ داڭگال چۇشەر،
ئۆچكە جاڭگال (چۇشەر).
3) تۆمۈرنى دات يەيدۇ،
يۈرەكنى ھەسرەت (يەيدۇ).
4) ياخشىلار تېپىشار ھەر يەردىن كېلىپ،
يامانلار تېپىشەر بىر يەردە تۇرۇپ.

8. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تىل جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرى، يەنى جانلىق، ئاممىباب، گۈزەل، دەلمۇدەللىكى، كۈچلۈك سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش خۇسۇسىيەتلىرىمۇ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن:
1) كۈلەلمىگەن ھالىڭغا ھىجايما.
2) پۇلى ئازنىڭ غېمى ئاز.
3) ئېسىلنىڭ ئوقۇرى ئېگىز.
4) ئات ئايغىنى تاي باسىدۇ.
5) چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى يۇقىرىقىدەك ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولۇپ، بۇ جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا، تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە ئېنىق بولغان ئورتاقلىقلارنى ئاجرىتىپ چىقىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى يۇقىرىقىدەك ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە نۇرغۇن پەرقلەرگىمۇ

ئىگە، تۆۋەندە بۇ پەرقلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

1. ماقاللاردا ئىپادىلەنگەن ئوي ـ پىكىر ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بىلەن تولۇق بېرىلسە، تەمسىلدە ئۇنىڭ ئىشارىسى بېرىلىدۇ. يەنى ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق دېمەكچى بولغان ئوي ـ پىكىر ئىشارە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

1) ئەقىل ياشتا ئەمەس باشتا. (ماقال)

2) ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك. (ماقال)

3) موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە. (تەمسىل)

4) قارا توخۇمۇ ئاق تۇخۇم تۇغىدۇ. (تەمسىل)

2. ماقاللاردا بىلدۈرمەكچى بولغان ئوي ـ پىكىر ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل، بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، تەمسىللەردە تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ قىياپەت خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ۋاستىلىك ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

1) يەر ھەيدىسەڭ كۈز ھەيدە،
كۈز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە.(ماقال)

2) ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە. (ماقال)

3) چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە،
مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ. (تەمسىل)

4) قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەيدۇ. (تەمسىل)

3. ماقاللاردا بەزى تەبىئىي پەن بىلىملىرى ئىپادە قىلىنسا، تەمسىللەرنىڭ ھەممىسىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلىملىرى ئىپادە قىلىنىدۇ. تەمسىللەردە ھايۋانات ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرى سۆزلىنىدۇ. بۇ خىل



www.uyghurkitap.com

ئالاھىدىلىكلەر شۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدە بولۇشمۇ، يوق بولۇشمۇ مۇمكىن. ئەمما، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تەمسىلنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە قىياپىتىنى بايان قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ئۇ تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى ئىپادە قىلمايدۇ. مەسىلەن:

1) چىشىم سۇنمىسۇن دېسەڭ تىلىڭنى تارت.

2) سۆزنىڭ پىششىقى ياخشى،

نانىنىڭ ئىسسىقى ياخشى.

3) قاغا بالام ئاپئاق بالام،

كىرپە بالام يۇمشاق بالام.

يۇقىرىقى مىساللاردىكى تەمسىللەردە ئىپادە قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئەمەلىيەتتە شۇ نەرسىدە ئەسلا مەۋجۇت بولمىغان ۋە بولمايدىغان خۇسۇسىيەتلەردۇر. ئۇ پۇتونلەي ئىجاد قىلغۇچىلار تەرىپىدىن تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ۋە شۇ نەرسىگە يۈكلەنگەن. «قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق بالام» دېگەن تەمسىلدە ئېيتىلغاندەك قاغىنىڭ ئۆز بالىلىرىنى ئاق، كىرپىنىڭ ئۆز بالىلىرىنى يۇمشاق دېيىشى رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمايدىغان ئىشلاردۇر. ناھايىتى روشەنكى، بۇنداق تەمسىللەر ئەمەلىيەتتە ھەرگىزمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل نەرسىلەرگە قارىتىلغان بولماستىن، ئىجتىمائىي ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىتىلغاندۇر. شۇڭا بۇنداق تەمسىللەرنى

www.uyghurkitap.com

ئۇدۇل مەنىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي تۈس ئالغان كۆچمە مەنىسى بويىچە چۈشەنگەندىلا، ئۇنىڭ ئەقلىيە تۈسى ئاشكارا بولىدۇ.

4. ماقالالار كۆپىنچە ھالالاردا ئۆزئارا زىت مەنىدىمۇ كېلىدۇ. بۇنداق ماقالالاردا ئىپادە قىلىنىۋاتقان مەزمۇن بىر - بىرىگە تۈپتىن قارىمۇقارشى بولىدۇ. بىراق تەمسىللەردە ئۇنداق بولمايدۇ. مەسىلەن:

1) ئاتمىشقا كىرگەن ئاتىدىن ئەقىل سورىما.

2) ئەر كىشىگە يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەرمۇ ئاز.

2) سۆيمىگەنگە سۈركەلمە.

3) قىزنىڭ سۆيگىنىگە ئىشەنمە، كۆيگىنىگە ئىشەن.

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ھەم ئورتاقلىقتا ۋە پەرققە ئىگە بولغان مۇھىم بىر ئەدەبىي ژانىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەسىرلەردىن بېرى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى، ھاياتلىق پەلسەپە قاراشلىرى، ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرى... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مەزمۇنلار مۇجەسسەملەنگەن. ئەسىرلەر بىر - بىرى بىلەن خوشلىشىپ ئاتوم دەۋرىگە قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقان تەرەققىيات دەۋرىمىزگە كەلگەندىمۇ كۆپلىگەن ئەدىب، سەنئەتكارلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە ماقال - تەمسىللەرنى ئىشلىتىپ ئۆز ئەسەرلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مەيدانغا چىقىرىش بىلەن بىرگە، ئەنە شۇ يول ئارقىلىق

ماقال - تەمسىللىرىمىزنىڭ مەڭگۈ يوقالماسلىقى ۋە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

تۆۋەندە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدىكى ماقاللىق چۆچەكلەردىن بىر قانچىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. بۇ خەلقىمىزنىڭ تەمسىللەر بىلەن ماقاللارنى پەرقلەندۈرۈۋېلىشىدا مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم ياخشىكەن، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم

قاراۋاسما قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ يۇرتنىڭ تەكلىماكان چۆللۈكىگە يېقىن بىر مەھەللىسىدە، پاسارئاخۇن ئىسىملىك بىر كىشى ياشايدىكەن. يەر تېرىش ئۇنىڭ كەسپى ئىكەن. پاسارئاخۇننىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى مايىسخان، كىچىكىنىڭ ئىسمى ئايىسخان ئىكەن. بۇ قىزلار ھەر كۈنى قوي - ئۆچكىلىرىنى جاڭگالغا ھەيدەپ بېرىپ باقىدىكەن. كەچلىكى بىر باغلامدىن ئوتۇن يۈدۈپ كېلىشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ئىككى قىزنىڭ باققان قوي - ئۆچكىلىرى ھەر تەرەپكە تاراپ كېتىپتۇ. مايىسخان سىڭلىسى ئايىسخاننى ئوتۇن يىغىشقا بۇيرۇۋېتىپ، ئۆزى قوي - ئۆچكىلىرىنى يىغىشقا كېتىپ قاپتۇ. ئايىسخان قويۇق جاڭگاللىقتا ئوتۇن تېرىپ يۈرگىنىدە، پۈتۈن بەدىنىنى تۈك قاپلاپ كەتكەن بەھەيۋەت بىر مەخلۇققا ئۇچراپ قاپتۇ. ئايىسخان بۇ مەخلۇقتىن قورقۇپ ھوشىدىن

كېتىپتۇ. بىر چاغدا هوشىغا كېلىپ «ئۇ مەخلۇق كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، هېلىقى مەخلۇقمۇ ئايسىخاننىڭ ئايىغىدا ياتقۇدەك، ئايسىخان ئۇ مەخلۇقنى «ئۇخلاپ قاپتۇ» دەپ پەرەز قىلىپ قاچماقچى بولۇپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ياتقان مەخلۇقمۇ ئورنىدىن قوپۇپ، ئايسىخاننىڭ يېنىدىكى بىر باغلام ئوتۇننى يۈدۈپ بىر قولىدا ئايسىخاننى يېتىلەپ مېڭىپتۇ. ئايسىخان ئامالسىزلىقتىن بىرقانچە قەدەم مېڭىپ هوشىدىن كېتىپتۇ. هېلىقى مەخلۇق ئايسىخان هوشىغا كەلگۈچە قولىنى سىلاپ، يۈتىنى پۇراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئايسىخان هوشىغا كەلگەندە، يەنە ئوتۇننى يۈدۈپ ئايسىخاننى يېتىلەپ مېڭىپتۇ. ماڭا - ماڭا، گۈگۈم چۈشەي دېگەندە، ئايسىخاننى ئۇۋىسىغا ئېلىپ كەپتۇ.

مايسىخان قوي - ئۆچكىلىرىنى يىغىپ بولۇپ، كۈتۈپتۇ، كۈتۈپتۇ، ئايسىخان پەيدا بولماپتۇ، ئانچە - مۇنچە ئىزدەپمۇ بېقىپتۇ. داۋاملىق ئىزدەۋەرسە، قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپ ئۆزىنىڭمۇ ئۆيگە قايتىپ بارالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، قوي - ئۆچكىلىرىنى هەيدەپ قايتىپ كېلىپ، ئاتا - ئانىسىغا بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ يىغلاپتۇ. ئۇلار يىغلىشىپ - قاقشىشىپ، بىرنەچچە كۈن ئىزدىگەن بولسىمۇ قىزىنى تاپالماپتۇ. ئۇچراتقان ئىزغا قاراپ «قىزىمىزنى ئېيىق يەپ كېتىپتۇ» دېگەننى جەزملەشتۈرۈپ، قىزىنىڭ ئاخىرەتلىكىگە ئاتاپ ئەهلى جامائەتكە نەزىر - چىراغ بېرىپتۇ.

ئېيىق ئايسىخاننى ئۆڭكۈرگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، سىرتتىن ئوت - چۆپ، دەرەخ يوپۇرمىقى قاتارلىق نەرسىلەرنى

ئېلىپ كىرىپ، ئۇستىگە تۇتۇپ يېگەن ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى سېلىپ ئورۇن راسلاپ ئايسىخاننى يېتىپ ئارام ئېلىشقا ئىشارەت قىپتۇ. ئايسىخان نائىلاج چۈشەكتە ئولتۇرۇپتۇ. جان قايغۇسىدا بىرقانچە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئېيىق سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى قورام تاشلار بىلەن چىڭ بېكىتىپ قويىدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئېيىقنىڭ مۇئامىلىسى ئايسىخانغا كۈندىن - كۈنگە سىلىق تۈيۈلۈشقا باشلاپتۇ. ئايسىخان ئېيىقنىڭ ئۆزىگە خەۋپ يەتكۈزمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىنى تازىلايدىغان، سېلىنغان چۈشەكنىڭ ئۈستىدىكى تېرىلەرنى تۈزەشتۈرىدىغان بوپتۇ. ئېيىق تۇتۇپ كەلگەن كېيىك، توشقان... لارنىڭ گۆشلىرىنى بىر تەرەپتىن ئۆزى يەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئايسىخانغا ئۈزىتىدىكەن، ئايسىخان قولىغا ئالمايدىكەن، قولىغا ئالسىمۇ يېمەيدىكەن. ئېيىق بىر كۈنى ئۆڭكۈردىن چىقىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەي قورۇپ كەتكەن توغراق شاخلىرىنى سۆرەپ كېلىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ ۋە نەلەردىن تاپقانلىقى نامەلۇم بولغان ئوتى ئۆچمىگەن بىر چۈچۈلىنى ئېلىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايسىخاننىڭ يېڭى تۇرمۇشى باشلىنىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا ئوت يېقىپ، ئېيىق تۇتۇپ كەلگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى پارچىلاپ، ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇپ يەپتۇ. ئېيىقمۇ بارا - بارا پىششىق گۆشنى يېيىشكە ئۆگىنىپ قاپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئايسىخان ئىشارەت قىلسا ئېيىق چۈشىنىدىغان، ئېيىق ئۆز ھەرىكىتى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئايسىخاننىڭ دېگەنلىرىگە ماقۇللۇق قايتۇرىدىغان بوپتۇ. ئېيىق ئايسىخانغا پەقەت دىل ئازار قىلمايدىكەن. ئاخىر ئايسىخان ئېيىقنىڭ خوتۇنى بولۇپ قاپتۇ. ئايسىخاننىڭ كىيىم - كېچەكلىرى تىتىلىپ تۈگەپتۇ. ئۇستىخانلىرى يوغىناپتۇ. پۈتۈن بەدىنىنى قويۇق تۈك قاپلاپ كېتىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئايسىخان ئېيىقتىن ھامىلىدار بولۇپ ئىككى بالا تۇغۇپتۇ. ئېيىق ئايسىخانغا ئامراق، بالىلىرىغا كۆيۈمچان ئىكەن. ئۇ بالىلىرىنى ئوينىسۇن دەپ، ئاق - سېرىق تاشلارنى ئەكىرىپ بېرىدىكەن. ئايسىخان بۇ تاشلارنىڭ ئاقلىرىنى كۈمۈش، سېرىقلىرىنى ئالتۇن دەپ پەرەز قىلىدىكەن. بالىلىرى بىلەن ھېلىقى ئاق - سېرىق تاشلارنى يۇمىلىتىپ ئويناپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشسا، بالىلىرىمۇ كۈندىن - كۈنگە گەپكە كىرىپتۇ، چوڭ بوپتۇ. ئايسىخانمۇ ئېچىلىپ - يېيىلىپ بالىلىرى بىلەن ناھايىتى خۇشخۇي ئۆتىدىكەن، بەزىدە ئېيىقمۇ ئايسىخان ۋە بالىلىرىغا قوشۇلۇپ ئوينىشىپ كېتىدىكەن.

ئېيىقمۇ بارا - بارا ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى تاقاپ قويمايدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى ئايسىخان بالىلىرىنى يېتىلەپ جاڭگالغا كىرىپتۇ. ئەتراپ چىمەنلىك ۋە تىنچ ئىكەن. ئۇ ئاتا - ئانىسىنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيىنى، يۇرتىنى، قەدىرلىك ھەدىسىنى سېغىنىپ بىھوش بوپتۇ ۋە بالىلىرىنى يېتىلەپ ئۆڭكۈرگە قايتىپتۇ.

ئۇ بالىلىرىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ دۆڭگە چىقىپ قارىغانىكەن، ئېيىق كۆرۈنمەپتۇ. ئايسىخان پۇرسەتنى

غەنىيمەت بىلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بىر كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۆيدىكىلەر ئاۋۋال ئۇنى ئادەم ئېيىقى ئېكەن دەپ قورقۇشۇپتۇ. كېيىن ئۆزىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپتۇ. دادىسى بازاردىن كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ كېلىپ كىيدۈرۈپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى تاراپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئايىسخاندىن يىرگەنمەيدىكەن. بىراق ئاچىسى مايىسخان ئۇنى ياخشى كۆرمەپتۇ. ئاخشىمى ئاچام بىلەن بىللە ياتاي دەپ يالۋۇرسىمۇ ئۇنىمايدىكەن. قېشىغا يېقىنىراق كەلسە يىرگىنىدىكەن، ھەتتا تارغىقىدا بېشىنى تاراپ قويغانلىقى ئۈچۈن، تارغىقىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. بىرەر ئىشقا ياردەملەشمەكچى بولسا «قازاننى چېقىۋېتىدۇ، قاپاقنى ئۆرۈۋېتىدۇ» دەپ يېقىن يولاتمايدىكەن.

ئېيىق كەچتە ئۆڭكۈرگە كېلىپ، ئىككى بالىسىنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئايىسخاننى تاشقىرىغا چىققان ئوخشايدۇ دەپ، ئىز پۇراپ خېلى بىر يەرلەرگىچە بېرىپتۇ. ئاخىر تاپالماي قايتىپ كېلىپ، بالىلىرىغا كاۋاپ پىشۇرۇپ بېرىپ گوللاپتۇ. ياتار چاغدا بۇ بالىلار توختىماي يىغلاۋېرىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا ئېيىق بالىلىرىغا يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ بېرىپ، يەنە شۇ ئىزنى پۇراپ ئايىسخاننى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ماڭا ـ ماڭا ئايىسخان تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كەنت ئىچىگە كېلىپ، ئايىسخاننىڭ ھويلىسىنىڭ يېنىدىكى دۆڭگە چىقىپ ماراپ ئولتۇرۇپتۇ. كەچ كىرەي دېگەندە، يەنە قايتىپ كېتىپ بالىلىرىغا قاراپتۇ. ئېيىق بالىلىرىنىڭ يىغىسىغا چىدىماي ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپتۇ. ئېيىق ئەتىسى ئايىسخاننى

يەنە ئىزدەپ مېڭىپتۇ. قارىسا بالىلىرى ئەگىشىپ كېلىۋاتقۇدەك. ئېيىق ئىما ـ ئىشارەت بىلەن بالىلىرىنى قايتۇرماقچى بوپتۇ، بالىلىرى يىغلاپ قايتقىلى ئۇنىماپتۇ. ئېيىق ئىككى بالىسىنى بويىنىغا مىندۈرۈپ كېلىپ، ھېلىقى دۆڭگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. بالىلار قىرقىرىشىپ يىغلاۋېرىپتۇ. ئىككى ھەپتىدىن بېرى بالىلىرىنى سېغىنىپ تۇرغان ئايسىخان ئاستا ھويلىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ بالىلىرىنى ئىشارەتلەپتۇ. بالىلىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ بىھوش بولۇپ كېتىپتۇ.

ئېيىقمۇ ئاستا كېلىپ، ئايسىخاننىڭ پۇتلىرىنى پۇراپ، قوللىرىنى سىلاپ، كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈپتۇ. پاسارئاخۇن ئېيىقنى قوغلىۋەتمەكچى بولۇپ، ئىشىك ئالدىغا گۇلخان يېقىپ چۇچۇلە ئېتىپتۇ. ئېيىق ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەي، غىڭشىپ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇۋېرىپتۇ. مايسىخان ئېيىقنى كۆرۈپ، قورقىنىدىن ھويلىغا كىرىۋېلىپ ھەدەپ ئايسىخاننى تىللىغىلى تۇرۇپتۇ.

ئاتا ـ ئانىسىنىڭمۇ ئايسىخانغا نىسبەتەن كۆڭلى سەل سوۋۇپتۇ. ئۇ كۈنى ئايسىخان يەنە ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ئېيىقنى قايتۇرۇپتۇ. ئېيىق ئىككى بالىسىنى بويىنىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ يىغا ـ زار ئىچىدە كېتىپ قاپتۇ.

ئايسىخان ئۆيگە كىرسە ھېچكىم ئۇنىڭغا گەپ قىلماپتۇ.

— بۇ ھايۋاننىڭ خوتۇنى ھەممىمىزنى ئېيىق ـ يولۋاسلارغا يەم قىلىدىغان بولدى. ئىككى كۈچۈكمۇ بار ئىكەن تېخى، ئەمدى بىز قانداق قىلارمىز؟ — دەپ چۇقان كۆتۈرۈپ

هويلىنى بىر ئاپتۇ. ئايسىخان بەكمۇ خورلۇق ھېس قىلىپ هويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئېيىق ئىككى بالىسىنى يېتىلەپ، ھېلىقى ئاق، سېرىق تاشلاردىن بىر قانچىنى ئېلىپ يەنە كەپتۇ. تاشلارنى پاسارئاخۇننىڭ ئىشىك ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ، يىراقراق بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىككى بالىسى بۇرۇنقىدىنمۇ ئۇنلۈك ئاۋازدا يىغلاشقىلى تۇرۇپتۇ، ئايسىخان بىر تەرەپتىن بالىلىرىنىڭ نالە قىلىپ يىغلىشىغا، يەنە بىر تەرەپتىن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خورلىشىغا چىداپ تۇرالماي، ئېيىق ئېرى بىلەن بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىپ قاپتۇ. پاسار ئاخۇن ئېيىقنىڭ تاشلاپ قويۇپ كەتكەن تاشلىرىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش ئىكەنلىكىنى تونۇپ، سېتىپ خەجلەپ ئۆمرىنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئايسىخان شۇنىڭدىن كېيىن قايتىپ كەلمەپتۇ. «ئۆگكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم ياخشى ئىكەن، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم ياخشى ئىكەن» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن[1].

## شاھنى گاداي قىلغانمۇ، گادايىنى شاھ قىلغانمۇ خوتۇن

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، يۈزىدە تۈكى يوق، ئەتراپىدا پۈتى يوق بىر تېرىنى ئېسىپ قويۇپ: «كىمىكى بۇنىڭ نېمىنىڭ تېرىسى

[1] «قاغىلىق خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى، 1989 - يىل 9 - ئاي نەشرى. ئېيتىپ بەرگۈچى: پاتىمىخان خاتىرىلىگۈچى: دىلشات ئابلىز

ئىككەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسە، تەلەپ قىلغان نەرسىسىنى بېرىمەن، ئەگەر پادىشاھلىقىمنى تەلەپ قىلسىمۇ ئايىمايمەن» دېگەن ئېلاننى يېنىغا چاپلاپتۇ. نۇرغۇن كىشىلەر كېلىپ تەلەي سىناپ بېقىپتۇ ـ يۇ، نېمە تېرىسى ئىككەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەي، كەلگەن يولى بىلەن قايتىپتۇ. بۇ شەھەردە بىر قەلەندەر بار ئىكەن. قەلەندەر كېلىپ بىر قاراپلا: «بۈرگە تېرىسى» دەپتۇ.

— سەن ئۇتتۇۋالدىڭ، — دەپتۇ پادىشاھ، — قېنى نېمە تەلىپىڭ بار؟

شۇ ئەسنادا پادىشاھنىڭ نىگارىنۇ ئىسىملىك بىر نارەسىدە قىزى پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

قەلەندەرنىڭ كۆزى قىزغا چۈشۈپتۇ.

— مۇشۇ قىزنى تەلەپ قىلىمەن، — دەپتۇ قەلەندەر.

پادىشاھ بۇ تەلەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ۋەزىر:

— ۋەدىسىدە تۇرماسلىق پادىشاھنىڭ ئىشى ئەمەس، — دەپتۇ.

پادىشاھ: «قىزىمنىڭ مەيلى بولسا بەردىم» دەپ بولغۇچە، قىزى «دادام بەرگەن بولسا تەگدىم» دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «قىز بالىنىمۇ باقامدۇ كىشى» دەپ قەلەندەرگە قوشۇپ قويۇپتۇ. قەلەندەرنىڭ يېتىپ ـ قوپىدىغان جايى زاراتگاھلىقتىكى كۆمگەن جەسەتلەر چىرىپ ئۆڭكۈرگە ئايلانغان گۆرلەرنىڭ بىرى ئىكەن. قەلەندەر: «بۇ پادىشاھنىڭ قىزى تۇرسا، گۆرگە ئەكىرسەم قانداق بولار؟» دەپ ئويغا پېتىپتۇ. بۇنى سەزگەن مەلىكە نىگارىنۇ: «سىز قانداق

جايدا ياتسىڭىز، مەنمۇ ئاشۇ جايدا ياتىمەن» دەپتۇ. قەلەندەر مەلىكىنىڭ دېگىنىدىن چەكسىز خۇشاللىنىپ، نىگاربانۇنى گۆرگە ئەكىرىپ يېتىشقا زورلاپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ نىگاربانۇ، — بۇ يىل توققۇز ياشقا كىردىم، ھازىرچە سىزنىڭ تەلىپىڭىزنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمايمەن. ئالدىرىسىڭىز بەش يىل، ئالدىرىمىسىڭىز ئالتە يىل تاقەت قىلىڭ.

قەلەندەر نىگاربانۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، ئۇخلاپ قاپتۇ. نىگاربانۇ ئۇخلىماي ئولتۇرۇپ، ئۆگەنگەن ھۈنىرىنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ كەشتىلىك رومالدىن بىرنى تىكىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە قەلەندەرگە: «بۇ رومالنى بىر مىڭ بىر دىنارغىمۇ ساتمايسىز، توققۇز يۈز توقسان توققۇز دىنارغىمۇ ساتمايسىز، مىڭ دىنارغا سېتىپ يوتقان ـ كۆرپە، بىر قازان، ئىككى تاۋاق، ئىككى قوشۇق، ئۇن، ياغ، گۆش، مەشۇت يىپ، ئازراق گەزلىمە قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ كىرىڭ» دەپتۇ. قەلەندەر نىگاربانۇنىڭ دېگەنلىرىنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

نىگاربانۇ قەلەندەرگە ئۆز قولى بىلەن ئاش ئېتىپ بېرىپ، قورسىقىنى تويغۇزۇپ ياتقۇزۇپتۇ. ئۆزى يەنە ئۇخلىماي كەشتە تىكىپتۇ. كەشتە تىكىۋېتىپ، ئەتىسى دادىسىنىڭ ئۆيىگە يەمەن شەھىرىنىڭ شاھزادىسى داستىخان كۆتۈرۈپ كېلىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ. ئەتىگەندە قەلەندەرگە بۈگۈنكى رومالنى ئىككى مىڭ دىنارغا سېتىشنى، شاھزادە سۈپەت كىيىنگەن بىر يىگىتكە ساتماسلىقنى ئالاھىدە تاپىلاپتۇ. قەلەندەر مەلىكە نىگاربانۇنىڭ دېگىنى بويىچە

رومالنى شاھ سوپەت كىينىگەن يىگىتكە ساتقىلى ئۇنىماپتۇ. شاھزادە باشقا بىر يىگىتكە پۇل بېرىپ، ئىككى مىڭ دىنارغا ئالغۇزۇپتۇ. قولىغا ئېلىپلا رومالنى نىگاربانۇنىڭ تىككەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ ھەمدە قەلەندەرنىڭ ئارقىسىغا ئادەم ئەگەشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئەگەشتۇرۇپ قويغان ئادەم يەمەن شاھزادىسىگە قەلەندەرنىڭ زاراتگاھلىقتىكى بىر كونا گۆرگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. يەمەن شاھزادىسى زاراتگاھلىققا بېرىپ گۆرنىڭ ئاغزىغا كەپتۇ. بۇ چاغدا قەلەندەر بازارغا ئوزۇق - تۈلۈك سېتىۋالغىلى كەتكەنىكەن. يەمەن شاھزادىسى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نىگاربانۇنى «ئارقامدىن ماڭساڭ ماڭمىساڭ بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن» دەپ قورقۇتۇپ ئېلىپ قېچىپتۇ. قەلەندەر گۆرگە كەلسە نىگاربانۇ يوق، گۆرنىڭ ئۈستىدىكى ئات تۇيىقىنىڭ ئىزىلا تۇرغۇدەك. قەلەندەر نىگاربانۇنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ.

يەمەن شاھزادىسى نىگاربانۇنى ئېلىپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، بىر لەڭگەرگە كەپتۇ. نىگاربانۇ شاھزادىگە:

— ھارغانسىز، ئاچقانسىز، مەن سىزگە ئۆز قولۇم بىلەن ئاش ئېتىپ بېرەي، — دەپ بىر قازان سۇيۇقئاش ئېتىپتۇ، — شاھزادە ئاش ئىچىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىر پارچە خەت يېزىپ خېمىرنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، نان قىلىپ ئوچاققا يېقىپتۇ ھەمدە لەڭگەرچىنىڭ خوتۇنىغا: «بۇ ناننى ئېرىمگە بېرىڭ، ئامانەت چوقۇم ئىگىسىگە تەگسۇن، ئەگەر ئامانەتكە خىيانەت قىلسىڭىز، قىيامەتتە تۆمۈر تىرنىقىم سىزنىڭ

ياقىڭىزدا» دەپتۇ.
— ئامانىتىڭىزنى تەگكۈزۈشۈم ئۈچۈن، ئارقىڭىزدىن قوغلاپ كېلىدىغان ئېرىڭىزنىڭ نىشانىسىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ لەڭگەرچىنىڭ خوتۇنى.
— ئېرىمنىڭ، — دەپتۇ نىگاربانۇ، — ئۆتۈكىگە ياماق سېلىنغان. سانىسىڭىز ھەربىر پاي ئۆتۈكىگە سېلىنغان ياماق يەتمىشتىن كەم ئەمەس. چاپىنىنىڭ جۇللۇقىدىن بېشىدىن بىر تاغار تېرىق تۆكسە، يەرگە چۈشمەي ھەممىسى مازىنىڭ ئارىسىدا قالىدۇ. ئۆزى يولدا ماڭسا، كېپىشىنىڭ ئاۋازى ئۆيدىكى ئوچىقىڭىزنىڭ ئىچىدە ئۈنلەيدۇ.
— نىشان ئېنىق بولدى. ئامانىتىڭىزنى چوقۇم قولغا تەگكۈزىمەن، — دەپتۇ لەڭگەرچىنىڭ خوتۇنى.
يەمەن شاھزادىسى نىگاربانۇنى ئېتىنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈپ، لەڭگەردىن يولغا چىقىپ ئانچە يىراقلىماستا، لەڭگەرچىنىڭ ئوچىقى تەۋرەشكە، نانلىرى تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ.
لەڭگەرچىنىڭ خوتۇنى مەلىكىنىڭ ئېرى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ تۇرۇشىغا، ئىشىك تۈۋىدىن «ھەق ئىللەللا، ئاشىقنىڭ قەدىمى يەتتى، بالانىڭ قەدىمى يەتمىسۇن» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. لەڭگەرچىنىڭ خوتۇنى مەلىكىنىڭ ئارىسىغا خەت سېلىپ ياققان نېنىنى ئېلىپ چىقىپ: «مانا بۇ سىزنىڭ ئامانىتىڭىز» دەپ تاپشۇرۇپتۇ. قەلەندەر ناننى سۇندۇرغانىكەن، ئارىسىدىن خەت چىقىپتۇ. خەتتە: «سىز يوق چاغدا، يەمەن شاھزادىسى مېنى ‹بېشىڭنى ئالىمەن›، دەپ

قورقۇتۇپ ئېلىپ قاچتى. سىز مېنى مۇشۇ يول بىلەن ئىزدەپ، پات پۇرسەتتە يەمەن شاھزادىسىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ چىقمىسىڭىز، قىيامەتتە تۆمۈر تىرنىقىم سىزنىڭ ياقىڭىزدا» دېيىلگەنىكەن. قەلەندەر: «نىگاربانۇنى قولۇمغا چۈشۈرمىگۈچە بىلىمنى يەشمەيمەن، كۆز يۇمۇپ ئۇخلىمايمەن» دېگەن قەسەمنى قىلىپ يولغا چىقىپتۇ ـ دە، خەتەرلىك بولسىمۇ، يولنىڭ يېقىنى بىلەن مېڭىپ يەمەن شەھىرىگە شاھزادىدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن يېتىپ بېرىپتۇ. شەھەر ئايلىنىپ بىر پاكار ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيى ئىكەن. قەلەندەرنىڭ شەپىسى بىلەن تۇل خوتۇننىڭ ئوچىقى جالاقلاپ، ئوچاقتىكى نانلىرى تۆكۈلگىلى تۇرۇپتۇ. تۇل خوتۇن «بۇ نىمە ئىشتۇ» دەپ تۇرۇشىغا، ئىشىك ئالدىدا «ھەق ئىللەللاھ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

تۇل خوتۇن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ چاچ ـ ساقاللىرىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىدىن، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ جۇللۇقىدىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك بىر قەلەندەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ــــ ھەي قەلەندەر، ــــ دەپتۇ تۇل خوتۇن، ــــ سەندە قانداق سىر بار؟ شەپەڭ ئاڭلىنىپ بولغۇچە ئۆيۈمدىكى ئوچاق جالاقلاپ، نانلىرىم تۆكۈلگىلى تۇردى.

ــــ مەن سىرلىق ئادەم ئەمەس، مەن شەھىرى بەر بەردىن كەلدىم. بىر ئامال قىلىپ مۇشۇ شەھەرنىڭ شاھزادىسى ئېلىپ قاچقان خوتۇنۇمنى تارتىۋېلىشتىن باشقا ئىشىم يوق.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ تۇل خوتۇن، — ئىشىڭ مۇشكۇل ئىكەن، مەن قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاي. سەن بازاردىن ئۇپا، ئەڭلىك، سوپۇن، گۇگۇت، تۇگمە، مونچاق قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ كېلىپ، بۇ نەرسىلەرنى كىچىكرەك بىر ساندۇققا جايلاشتۇرۇپ، چارباغنىڭ ئەتراپىغا ئېلىپ بار، ئاۋازىڭنىڭ بارىچە «ئۇپا ـ ئەڭلىك ئېلىۋېلىڭلار! گۇگۇت ئەرزان، سوپۇن بەلەن» دەپ تۇۋلا. شۇنداق قىلساڭ، مەقسىتىڭ هاسىل بولۇشى مۇمكىن.

ئەڭغىچە شاهزادىمۇ قايتىپ كەپتۇ. نىگاربانۇغا نىكاھ رىسالىسى ئوقۇتۇش تەلىپىنى قويغانىكەن، نىگاربانۇ قوشۇلماي مۇنداق دەپتۇ:

— مەن تېخى كىچىك، ئالدىرىسىڭىز ئالتە يىلدىن كېيىن، ئالدىرىمىسىڭىز يەتتە يىلدىن كېيىن نىكاھ ئوقۇتايلى، مەن هامان سىزنىڭ، مەنمۇ شاهنىڭ قىزى، دادام مېنى كىچىك چېغىمدا قىرىق كېنىزەكنى ھەمراھ قىلىپ چارباغدا باققان، ماڭىمۇ چارباغ تەييارلاپ بېرىڭ، كېنىزەك قوشۇپ بېرىڭ.

يەمەن شاهزادىسى نىگاربانۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپتۇ. نىگاربانۇ بىر كۈنى چارباغدا تۇرۇپ، قەلەندەر سۈپەتلىك ئېرىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. «گۇگۇت ئەرزان، سوپۇن بەلەن» دېگەنلىرىنىمۇ ئاڭلاپتۇ. كېنىزەكلىرىدىن بىرنى چىقارتىپ بىر قۇتا ئۇپا ئالدۇرۇپ كىرىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇپىسىنى تۆكۈۋېلىپ، يازغان خېتىنى بىكارلانغان قۇتىغا سېلىپ يەنە بىر كېنىزەكتىن چىقارتىپ بېرىپتۇ. قەلەندەر

كىنىزەك كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قارىسا، قۇتىدا بىرقانچە تىللا، بىر پارچە خەت تۇرغۇدەك.

خەتتە: «سەن بۇگۈن مەن چىقارتقان تىللاغا بازاردىن ئىككى ئات سېتىۋېلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە چارباغنىڭ يېنىدىكى تامنىڭ تۈۋىدە مېنى ساقلاپ تۇر، مەن چىقىمەن، بىرگە قاچىمىز» دېيىلگەنىكەن. قەلەندەر نىگارىبانۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئات ئېلىپ كېلىپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى بىلىكىگە باغلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

بۇ شەھەردە كىشىگە ئارام بەرمەيدىغان بىر قاراقچى بار ئىكەن. ئۇ كېچىسى ئوغرىلىق قىلىشنىڭ ئېپىنى تاپالماي يۈرۈپ، چارباغنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، قەلەندەرنىڭ يېتىپ ئۇخلاپ قالغان يېرىگە كېلىپ قاپتۇ. قارىسا بىر ئادەم ئىككى ئاتنىڭ تىزگىنىنى بىلىكىگە باغلاپ ئۇخلاپ ياتقۇدەك. قاراقچى ئاتنىڭ تىزگىنىنى كېسىپ بولۇپ تۇرۇشىغا، تامنىڭ ئىچىدىن ئاتقان بىر بوغچا يېنىغا چۈشۈپتۇ. «تەڭرىنىڭ ماڭا نېسىپ قىلغىنى مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا بىر قىز تامدىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ، چۈشۈپلا «ئاتقان مىن» دەپتۇ. قاراقچىمۇ زۇۋان ئاچماي ئاتقا مىنىپ، قىزنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. بىر دەريا بويىغا كەلگەندە تاڭ ئېتىپتۇ، قارىسا ئاتتىكى ئېرى ئەمەس. «ئەمدىغۇ مېنىڭ بولدۇڭ» دەپتۇ قاراقچى نىگارىبانۇنىڭ ھەيرانلىق قىياپىتىگە قاراپ.

— شەرتىم بار، — دەپتۇ نىگارىبانۇ، — ئاشۇ كۆرۈنگەن



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تاغنىڭ تۆۋىگىچە ئات بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ بارالىساڭ، مەن ساڭا ئۆزۈمنى قوبۇل قىلىمەن. ئەگەر يېرىم يولدا ھېرىپ قالساڭ، سەن ياتقان يېرىڭدە قېلىۋېرىسەن، مەن ئاتنى مىنىپ كېتىۋېرىمەن.

قاراقچى نىگاربانۇنىڭ چاپتۇرغان ئېتى بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپتۇ. يېرىم يولغا بارغاندا نىگاربانۇ ئېتىنى ئاستىلىتىپ، قاراقچىنى قامچىلاشقا باشلاپتۇ. ئاتقا دەسسىتىپتۇ، ئاخىر قاراقچى بىھوش بولۇپ ھالىدىن كېتىپتۇ. نىگاربانۇ قاراقچىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ كىيىپ قاراقچى ئىسكەتىدە ياسىنىپ بىر ئاتنى مىنىپ، بىر ئاتنى يېتىلەپ يولغا راۋان بوپتۇ. بىر شەھەرگە بېرىپ ئىككى ئاتنى سېتىپ، پۇلىنىڭ يېرىمىغا مال، يېرىمىغا دۇكان ئېلىپ سودىگەرچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ. نىگاربانۇنىڭ سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقانلىقى بىر ھەپتە ئىچىدىلا شەھەر پادىشاھىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپتۇ. پادىشاھ بىر كۈنى مەقسەتلىك ھالدا شەھەر ئايلىنىپ نىگاربانۇنىڭ دۇكىنىغا كەپتۇ. بىر قاراپلا نىگاربانۇغا ئاشىقى بىقارار بوپتۇ. ئاستا بېرىپ يېنىدا ئولتۇرۇپ: «مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم. خالىسىڭىز ئوردامغا كىرىپ، خانىشلار قاتارىدىن ئورۇن ئالسىڭىز، بىر ئۆمۈر بەخت ئىچىدە ياشايتتىڭىز» دەپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ نىگاربانۇ، — ئاڭلىسام سىزنىڭ قىرىق خوتۇنىڭىز بارمىش، ئاشۇلار رازى بولسا مەن سىزگە تېگەي.

پادىشاھ ئەتىسى كېلىپ خوتۇنلىرىنىڭ رازى

www.uyghurkitap.com

بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ــــ ئۇنداقتا، ــــ دەپتۇ نىگاربانۇ، ــــ مېنىڭ ئۈچ تۈرلۈك تەلىپىم بار، قايسى كۈنى ئۈچ تەلەپنىڭ ھەممىسى ئورۇندىلىپ بولسا، بىزنىڭ تويىمىز ئاشۇ كۈنى بولسۇن. بۇ شەرتلەرنىڭ بىرىنچىسى، مېنىڭ بىلەن قوشۇپ قىرىق بىر خوتۇننى تاپىنىدىن چوققىسىغىچە ئوخشاش كىيىندۈرىسىز. ئىككىنچىسى، ئوخشاش كىيىندۈرگەندىن كېيىن قىرىق خوتۇننىڭ قايسىسى چوڭى، قايسىسى كىچىكى، قايسىسىنى بۇرۇن ئالغان، قايسىسىنى كېيىن ئالغان، ھەربىرىنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دۇدۇقلىماي ئېيتىپ بېرىسىز. ئۈچىنچى، قىرىق بىر ئورۇندۇقى بار بىر كېمە ياسىتىسىز. مەن بۇرۇنقى خوتۇنلىرىڭىز بىلەن كېمىگە ئولتۇرۇپ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە بىر ئۆتۈپ، بۇ تەرىپىگە بىر ئۆتۈپ خۇماردىن چىقىمەن.

پادىشاھ بۇ ئۈچ شەرتنىڭ ھەممىسىگە ماقۇل بولۇپ، قىرىق بىر خوتۇنىنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاش كىيىندۈرۈپتۇ. خوتۇنلىرىنىڭ ئىسمىنى، چوڭ - كىچىكلىكى، بالدۇر - كېيىنلىك رېتىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئاخىرىدا خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى كېمىگە چىقىپ بىردىن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە بىر ئۆتۈپتۇ، كېمىنى بۇ تەرەپكە قارىتىپ ھەيدەپ دەريانىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، پادىشاھ خوتۇنلىرىنىڭ دەريادىن چىققاندىن كېيىنكى ئارامگاھ جايىنى تەييارلاشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. نىگاربانۇ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، كېمىنى دەريانىڭ سۇ ئېقىش

تەرپىگە ھەيدەپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ بىر چاغدا كېمىنىڭ خېلى ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپتۇ، ئاچچىقىدا يۈز ـ كۆزلىرىنى تىرناقلاپتۇ، چاچ ـ ساقاللىرىنى يۇلۇپتۇ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يىرتىپتۇ، بېشىنى تاشقا ئۇرۇپ يىغلاپتۇ. ئاڭغىچە كېمىمۇ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

دەريانىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى سەھرالاردا كېچىسى تام تېشىدىغان، كۈندۈزى دەريا بويىدىكى توغراقلىقتا يوشۇرۇنۇپ ياتىدىغان قىرىق بىر قاراقچى بار ئىكەن. قاراقچىلار كېلىۋاتقان كېمىگە قاراپ: «كېيىنىشىگە قارىغاندا ھەممىسى ئايال ئىكەن، كېمىنى توسۇپ ئاياللارنى بۇلايلى» دېگەن نىيەتكە كەپتۇ. كېمە دەريانىڭ تار بىر جايىغا كەلگەندە، قاراقچىلار خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئاشكارىلىنىپ، كېمىگە سىرتماق تاشلاپ قىرغاققا تارتىپ چىقىرىپ، يامان نىيەت بىلەن تۇت ـ تۇت قىلىشقىلى تۇرۇپتۇ.

— ھەي يىگىتلەر، — دەپتۇ نىگاربانۇ، — بىز سىلەرنى دەپ كەلدۇق، ئالدى بىلەن ئۆيۈڭلەرگە باشلاپ بىزنى ھەرخىل نازۇنېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلىڭلار، بىرگە ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىشەيلى، كېيىنكى ئىشلارنى كۆڭۈل ئېچىلغاندىن كېيىن قىلىشامدۇق.

قاراقچىلار نىگاربانۇنىڭ دېگىنىگە رازىلىق بىلدۈرۈپ، ئاياللارنى توغراقلىق ئىچىدىكى ماكانىغا باشلاپ بېرىپتۇ.

نىگاربانۇ ئاياللارغا ئەقىل ئىشلىتىپ، قولىغا ئالغان شارابنى ئىچمەي تۆكۈۋېتىشنى ئېيتىپ قويغانىكەن، زىياپەت

باشلىنىپتۇ، شارابنى نىگاربانۇ ئۆزى قۇيۇپتۇ.

ئاياللار ئۆزىنى سەگەك تۇتۇپ، بەزىسى چاققانلىق بىلەن تۇتقان شارابنى ئاغزىغا ئاپارغان بولۇپ، دولىسىدىن ئاشۇرۇپ تۆكۈۋېتىپتۇ. بەزىسى ئاغزىغا ئېلىپ يۇتماي، ئاغزىنى ئېرتىش باھانىسى بىلەن يۇتمىغان شارابنى رومالغا ياندۇرۇپ چاندۇرماپتۇ. قاراقچىلار ئىچىۋېرىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن مەست بولۇپ يىقىلىپتۇ. ئاياللار پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، قاراقچىلارنىڭ ئوغرىلاپ يىغقان ۋەج ـ ئوقەتلىرىنى ئات ـ ئۇلاغلىرىغا ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. نىگاربانۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قايسىبىر سەھرادىن ئۆتسە، شۇ سەھرادىكى غېرىب ـ مىسكىنلەرگە قاراقچىلاردىن ئولجا ئالغان ۋەج ـ ئوقەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەچ مېڭىۋېرىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە كاتتا بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدا بىر ئېلان تۇرغۇدەك، ئېلاندا: «مېنىڭ قولۇمدا بىر دەۋا بار، كىمكى بۇ دەۋاغا توغرا ھۆكۈم قىلىپ مېنى قانائەتلەندۈرسە، دەۋاگەرنى رازى قىلسا، مەن شۇ كىشىگە پادىشاھلىقىمنى بېرەتتىم» دەپ يېزىلغانىكەن.

نىگاربانۇ «ئەقلىمنى بىر ئىشلىتىپ كۆرەي» دەپ شاھ ئوردىسىغا كىرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ دەۋانىڭ تەپسىلىي مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. دەۋا مۇنداق ئىكەن: بىر مەپىكەش شەھەردىن يولغا چىقىپ، كومباغا (كومبا — قاغىلىق ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى) كەلگەندە، كىرا ئېلىپ بىر ئايالنى مەپىگە چىقىرىۋاپتۇ. توڭتاشقا (توڭتاش — قاغىلىق ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى) كەلگەندە، بىر

ئەر كىشىنى چىقىرىپتۇ. جايتېرەككە (جايتېرەك — قاغىلىق ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى) كەلگەندە مەپىكەشىنىڭ تەرتى قىستاپ مەپىنى توختىتىپ قويۇپ، يول ياقىسىدىكى قوناقلىققا كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەپىدىكى ئەر - ئايال مەپە ئۈستىدىلا زىنا قىپتۇ. يولدىن ئۆتكەنلەر بۇ ناشايان ئىشنى كۆرۈپ غوۋغا قىپتۇ. غوۋغا تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، ئايالنىڭ ئېرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئايالنىڭ ئېرى جاۋابكارنى جازالاپ بېرىش توغرىسىدا پادىشاھقا ئەرز سۇنۇپتۇ. پادىشاھ جاۋابكارلىقنىڭ كىمدە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالماي تۇرغانىكەن.

— بۇ ئىشنىڭ جاۋابكارلىقى مەپىكەشتە، — دەپتۇ نىگارىبانۇ. ئوردىدا تۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى بېشىنى لىڭشىتىپ قايىللىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بەزىلىرى نىگارىبانۇغا «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئال نەزىرىدە قاراپتۇ.

— بۇنداق ھۆكۈم قىلىشىمنىڭ سەۋەبى، — دەپتۇ نىگارىبانۇ، — مەپىكەش مەپىسىگە ئايالنى كىرا قىلىپ چىقارغاندىن كېيىن، ئەر كىشىنى چىقارماسلىقى كېرەك ئىدى، ئەرنىمۇ، ئايالنىمۇ چىقارغاندىن كېيىن، بىرىنچىدىن، ساق - سالامەت ئاپىرىشى، ئىككىنچىدىن، بەتقىلىقلىق ئىشلارغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمەي، مەنزىلگە يەتكۈزۈشى شەرت ئىدى. ئەكسىچە مەپىكەش قوناقلىققا كىرىپ كېتىپ، مەپىدىكىلەرنىڭ ناشايان ئىش قىلىشىغا پۇرسەت چىقىرىپ بەرگەن.

بۇ ھۆكۈمگە ھەممەيلەن قايىل بوپتۇ. پادىشاھ ئۆز ۋەدىسى

www.uyghurkitap.com

بويىچە پادىشاھلىقىنى نىگاربانۇغا بېرىپتۇ.

نىگاربانۇ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، شەھەر خەلقىگە «كىمكى باشقا شەھەرلەردىن كېلىپ قالغان ناتونۇش ئادەمدىن بىرنى تۇتۇپ بەرسە، ئات كاللىسىدەك ئالتۇن بىلەن مۇكاپاتلايمەن» دېگەن ئېلاننى چىقىرىپتۇ. شەھەر خەلقى ئۇچرىغانكى ئادەمنىڭ تەقى - تۇرقىنى كۆزدىن قاچۇرماپتۇ. ناتونۇش ئادەمنى چېلىقتۇرغان هامان ئوردىغا تاپشۇرۇپ مۇكاپات ئاپتۇ. تۇتۇلغانلار نىگاربانۇنى ئىزدەپ كەلگەنلەر ئىكەن. نىگاربانۇ بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۆزىگە گىرىم قىلىپ تۇتۇلغانلارنى بىر - بىرلەپ سوراق قىلىشقا باشلاپتۇ.

— مېنىڭ، — دەپتۇ قەلەندەر، — خوتۇنۇمنى يەمەن شاھزادىسى ئېلىپ قاچقاندى. مەھبۇبەمنى ئاشۇ بۇلاڭچى شاھزادىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كەزمىگەن يېرىم قالمىدى، ئاخىر مۇشۇ شەھەرگە كەلدىم. ئۆلۈپ كېتىشكە رازىمەنكى، خوتۇنۇم نىگاربانۇنى ئىزدەشتىن ھەرگىز باش تارتمايمەن. بىر كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق.

— مەن، — دەپتۇ يەمەن شاھزادىسى، — نىكاھىمغا ئالماقچى بولغان قىزنى بىر قەلەندەرنىڭ گۆرخانىسىدىن ئېلىپ قاچقاندىم، شەھىرىمگە كەلگەندىن كېيىن چارباغدىن قېچىپ كەتتى. مەن ئۇنى تېپىپ بىر قوشۇق قېنىنى ئىچىش ئۈچۈن، ئىزدە - ئىزدە مۇشۇ شەھەرگە كەلدىم.

— ماڭا، — دەپتۇ ھېلىقى قاراقچى، — كېچىدە غايىبتىن بىر مەلىكە نېسىپ بولغانىدى، مېنى ئالداپ ئۇرۇپ

بىھوش قىلىۋېتىپ قېچىپ كەتتى. ئىزدەپ تېپىپ مەقسىتىمگە يېتەي دەپ بۇ شەھەرگە كەلدىم.

— شەھىرىمگە، — دەپتۇ نامەلۇم بىر شەھەرنىڭ پادىشاھى، — بىر قىز پەيدا بولۇپ قالغانىكەن، كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى، نىكاھىمغا ئالاي دېسەم، بىر مۇنچە شەرتلەرنى قويدى، شەرتلەرنىمۇ ئادا قىلدىم. ئاخىردا مېنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئەمىرىمدىكى قىرىق خوتۇنۇمنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. ھېلىقى قىزنى تاپالمىسامۇ، خوتۇنلىرىمنى تاپالارمەنمىكىن، — دەپ ئىزدە ـ ئىزدە مۇشۇ شەھەرگە كەلدىم.

— بىز، — دەپتۇ ھېلىقى قاراقچىلار، — ئايال قاراقچىلار ئېلىپ قاچقان ۋەج ـ ئوقەتىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئىزدەپ كەلدۇق.

نىگاربانۇ ھەممىسىنىڭ جاۋابلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ قەلەندەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى جاكارلاپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەمەن شاھزادىسىنىڭ ھەممەيلەننى پاراكەندە قىلغان باش گۇناھكار ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. ئۇقۇشماسلىقتىن يولۇقۇپ قالغان قاراقچىغا توغرا كەسىپ بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. نامەلۇم شەھەرنىڭ پادىشاھىغا ئىنساپسىزلىق گۇناھىنى ئارتىپ، قىرىق خوتۇندىن قايسىبىرى بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىسا، شۇنى ئېلىپ كېتىشكە، بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىختىيارلىقى يوقلىرىنى قويۇۋېتىشكە مەجبۇر قىپتۇ. ئەلنىڭ

خاتىرجەملىكى ئۇچۇن قىرىق بىر قاراقچىنى زىندانغا تاشلاپتۇ. نىگاربانۇ ئېرىگە ئالدى بىلەن ئامانەتنى شاق تاپشۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھلىقنى ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ. قەلەندەر شاھلىق تاجىنى كىيىپ تەختتە ئولتۇرۇپ، ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن شەھەر سوراپتۇ. «شاھنى گاداي قىلغانمۇ خوتۇن، گادايىنى شاھ قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن[1].

## قارىغۇ قارىغۇنى قاراڭغۇدا تونۇيدۇ

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. پادىشاھنىڭ ئەخمەقلىقى پۈتۈن ئالەمگە يېيىلغان ئىكەن. [sic] ئەخمەقلىقى پۇقرالارغا ئايان ئىكەن. پادىشاھنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئىسمى ئايخان ئىكەن. پادىشاھ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بۇ قىزنى ئون سەككىز ياشقا كىرگۈچە ئوردىدا ساقلاپتۇ. قىزنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق، قەددى ـ قامەت جەھەتتىكى تەرىپلىرىنى ئاڭلىغان شاھزادىلەر، بەگزادىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلاپتۇ. پادىشاھ ھېچبىر ئەلچىگە ئۇچۇر بەرمەپتۇ. پادىشاھ: «قىزىمغا يامانىنىڭ قولى تېگىپ قالمىسۇن» دەپ ئوردىسىنىڭ تېگىگە زىندان كولاتقۇزۇپ، قىزنى ئاشۇ زىنداندا تۇرغۇزۇپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇ قىلىقى ئۇزۇن ئۆتمەي پۈتكۈل شەھەرگە ئاڭلىنىپ، «پادىشاھ قىزنى زىنداندا ساقلاۋېتىپتۇ» دېگەن سۆز تارقىلىپ

---

[1] «قاغىلىق خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى، 1989 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى.
ئېيتىپ بەرگۈچى: ياسىن مۇسا خاتىرىلىگۈچى: مىجىت نىزامىدىن، قەلبىنۇر

كېتىپتۇ.

بۇ شەھەردە قىلمىشى ھەممىگە ئايان، ئۆزى بىرمۇ ئادەمگە تونۇش ئەمەس ئىككى «ھۈنەرۋەن» بار ئىكەن، بۇنىڭ بىرى قاراقچى، بىرى يانچۇقچى ئىكەن. پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ زىنداندا ئىكەنلىكى بۇ ئىككىسىنىڭمۇ قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە ھەر ئىككىسى ئۆز ئالدىغا زىندانغا كىرىپ، قىزنى يولدىن چىقىرىشنى ئويلاپتۇ. ئالدى بىلەن يانچۇقچى ئوردىغا كىرىپ چىقىدىغان بولۇپ، ئوردا سىرتى بىلەن زىندان ئارىلىقىنى تەخمىنەن مۆلچەرلەپ چىقىپ، ئوردىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن لەخمە كولاپ تېشىشكە باشلاپتۇ. يانچۇقچىنىڭ پىلانىنى قاراقچىمۇ ئويلىغانلىقى ئۈچۈن، ئوردىنىڭ غەرب تەرىپىدىن لەخمە كولاپ تەشكىلى تۇرۇپتۇ. ئويلىغاندەك، ھېلىقى يانچۇقچى قىز ئولتۇرغان زىنداننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن تېشىپ چىقىپتۇ. ئادەم دىدارىنى كۆرمىگىلى خېلى ئۇزۇن بولغان بۇ قىزغا يانچۇقچىنىڭ يەرنىڭ ئاستىدىن تېشىپ چىقىشى غەيريي تۇيۇلمايلا قالماستىن، بەلكى كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ، يانچۇقچىدىن ھال سوراپ ئورۇنغا تەكلىپ قىپتۇ ۋە «سىز كىم بولىسىز؟ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ. قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالى، قەددى ـ قامىتى ئالدىدا ھاڭ ـ تاڭ قالغان يانچۇقچى خۇدىنى يوقىتىپ قويۇشقا ئاز قالغان بولسىمۇ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ: «مەن مۇشۇ شەھەردىكى داڭلىق يانچۇقچى بولىمەن. سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى ئاڭلاپ بىر كۆرۈپ باقاي، ئەگەر مەلىكە ماقۇل كۆرسە بىر ئۆيدە بولۇپ قالارمىز، دېگەن

www.uyghurkitap.com

مەقسەت بىلەن كىرىشىم» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قىز مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ: «ئۇبدان بوپتۇ، ئۇنداق بولسا دادام بىلەن كۆرۈشۈڭ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋە بىر ياغلىق توقاچنى ئوتتۇرىدىن ئۈشتۈپ يېرىمىنى يوللۇق تۇتۇپ يولغا ساپتۇ. يانچۇقچى ئۆزى تەشكەن لەخمە بىلەن قايتىپ كېتىپتۇ. يانچۇقچى قىزنىڭ قېشىدىن قايتىپ چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي قاراقچىمۇ لەخمىسىنى تۈگىتىپ، دەل يانچۇقچى تەشكەن كامارغا تۇتاشتۇرۇپ، شۇ كاماردىن قىز ياتقان يەرگە چىقىپتۇ. قىز قاراقچىدىنمۇ گەپ سوراپ يانچۇقچىغا بەرگەن جاۋابىنى بېرىپتۇ ۋە ھېلىقى ناننىڭ يېرىمىنى قاراقچىغا يوللۇق تۇتۇپتۇ. قاراقچى لەخمىگە كىرىپ ئىككى لەخمىنىڭ تۇتاشقان يېرىگە كەلگەندە، ئۆزى تەشكەن لەخمە تەرەپكە ماڭماي ئېزىپ كېتىپ، يانچۇقچى تەشكەن لەخمە بويىچە يانچۇقچىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.

يانچۇقچى لەخمىدىن چىقىپ كۆلنىڭ بويىدا، قىز بەرگەن ناندا ناشتا قىلىش ئۈچۈن ئولتۇرغانىكەن، دەل ئارقىسىدىن كەلگەن قاراقچىمۇ يانچۇقچىنىڭ يېنىغا كېلىپ ناشتا قىلىش ئۈچۈن ئولتۇرۇپتۇ. ھەر ئىككىسى ناشتا قىلىدىغان نانلىرىنى بىر بەلۋاغنىڭ ئۈستىدە قويۇپتۇ ۋە ئىككى پارچە ناننىڭ ئەسلىدە بىر نان ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. ئەسلىدە مەلىكە ناننىڭ يۈزىگە بەش بارمىقىنى بېسىپ پىشۇرغانىكەن. بۇلار ناننى جۈپلەشتۈرۈپ كۆرۈپ بىر - بىرى بىلەن گەپ تالىشىشقا باشلاپتۇ. بىرسى دەپتۇ: «بۇ نان مەلىكە ئۆز قولى بىلەن ياققان نان، بۇ ناننىڭ

يېرىمىنىڭ سەندەك مۆشۈك كۆزنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىغا ئىشەنمەيمەن» دەپتۇ. يەنە بىرسى: «بۇ بىزنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى، كەلگۈسىدە مېنىڭ ئالىدىغان ئايالىم گۈزەل مەلىكەمنىڭ ئۆز قولى بىلەن ياققان نېنى. بۇ ناننىڭ يېرىمىنىڭ سەندەك بىر مۆز پېشانە، ھىيلىگەرنىڭ قولىغا چۈشۈشىنى خىيالىمغا كەلتۈرەلمەيمەن» دەپتۇ. بىرسى دەپتۇ: «مەن بۇ مەلىكە ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى پىيادە ئايلىنىپ چىقىشقا رازىمەنكى، ھەرگىز ئۈنىڭدىن كەچمەيمەن» دەپتۇ. يەنە بىرىمۇ بوش كەلمەي: «مەن ئاشۇ مەلىكەم ئۈچۈن دۇنيادىكى دېڭىز - ئوكيانلارنى كېمىسىز ئۈزۈپ چىقىشقا رازىمەنكى، قىزنى ساڭا بەرمەيمەن» دەپتۇ.

ئۇلار خېلى كۆپ تالاش - تارتىش قىلىشىپ، ئاخىر ئىككىسى ھەر قايسىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشۈپتۇ. بىر - بىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، ھاڭ - تاڭ قېلىشىپتۇ. چۈنكى ھەر ئىككىلىسى ھۈنەردە بىر - بىرىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، بۈگۈنگىچە بىر - بىرىنى تونۇمايدىكەن. تونۇشقاندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى ئۆز ھۈنىرىنى بىر - بىرىگە كۆرسىتىش، ھۈنەردە قايسىسى ئۆتۈپ چىقسا، مەلىكىنى شۇ ئەمرىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا كېلىشىپ، شەھەرنىڭ كوچىلىرىنى ئايلىنىپتۇ. بۈگۈن دەل شەھەرنىڭ بازار كۈنى ئىكەن. بۇ ئىككىسى ئۇيان - بۇيان مېڭىشىپ مال بازىرىغا كېلىپ قاراشقۇدەك بولسا، بىر ئادەم بەش يۈز قوينى بىراقلا تىللاغا سېتىپ، قوي ساتقان تىللانى بەلۋاغقا چىگىپتۇ. بۇنى كۆرگەن

يانچۇقچى: «قاراپ تۇرغىن، مەن ئاشۇ باينى پايلايمەن» دېمەكچى بولۇپ قاراقچىنىڭ بېقىنىغا نوقۇپتۇ. يانچۇقچىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىگەن قاراقچى ئۆز كۆڭلىدە: «پۇلنى سەن ئوغرىلا دەپ مېنى نوقۇۋاتىسەن، مېنىڭ ھۈنىرىم كېچىدە ئاقىدۇ. نېمە قىلساڭ ئۆزۈڭ قىلمامسەن!» دېگەننى بىلدۈرمەكچى بولۇپ يانچۇقچىنىڭ كۆزىگە قادىلىپ قاراپتۇ. بۇ ئارىلىقتا قويلىرىنى ئىللاغا ساتقان ئادەم رەخت بازىرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بۇ ئىككىسىمۇ سوڭدىشىپ ئارقىسىدىن رەخت بازىرىغا بېرىپ، ھېلىقى ئادەمنى كۆزىتىپتۇ. بۇ ئادەم ئۆز ۋاقتىنىڭ ئەڭ ئېسىل رەختلىرىدىن كۆپلەپ يىرتتۇرۇپتۇ. رەخت ساتقۇچى: شۇنچە رەختنى يىرتسام يەنە يىرتىڭ دەپ پۇلنى تۆلىمەي تۇرغىنى نېمىسى؟ ئاۋۋال مۇشۇ رەختنىڭ پۇلىنى تۆلەپ باقسۇن، قېنى پۇلى يېتەمدۇ ـ يەتمەمدۇ دەپ ئويلاپ: «باي، بۇ قىممەت رەخت، يانچۇقلىرىنى تۇتۇپ بېقىپ راق سۆزلىسىلە» دېگەنىكەن، باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ رەخت ساتقۇچىغا: «ھوي ئاچ كۆز ھارامزادە، پۇل دېگەن مانا!» دەپ ئىللالىرىنى چەگكەن بەلۋاغنى بىر يەشكەنىكەن، قوش مۇشتۇمدىن يوغان راق بىر تاش گەزمالچىنىڭ رەخت ئۆلچەيدىغان گەزلىكىنىڭ ئۇستىگە چۈشۈپ سۇندۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن باينىڭ كۆزى جامەدەك ئېچىلىپتۇ ۋە تاشنى بىلگە تۇگكەن ھالدا پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا مېڭىپتۇ. يانچۇقچى بىلەن قاراقچىمۇ باينىڭ كەينىدىن بىللە مېڭىپ ئوردا ئالدىغا كەلگەندە باي كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىككىسى ئوردا ئالدىدا قاپتۇ. باي

كىرىپلا: «داد پادىشاھىئالەم! شەھەرگە يانچۇقچى پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بەش يۈز قوينى پۇتۇنلەي تىللاغا سېتىپ، تىللالارنى مۇنۇ بەلۋاغقا تېگىپ رەخت بازىرىغا بىرىپ قارىسام، تىللالارنىڭ بىرسىمۇ يوق. ئورنىدا مۇنۇ تاش تۇرىدۇ» دەپ بەلۋاغنى يەشكەنىكەن، بەلۋاغدىن قوي ساتقان تىللالار پادىشاھنىڭ ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ تۆكۈلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ بوشراق بىرنى كۈلۈپتۇ، ئەمما ئەرز قىلغۇچى بىر تەرەپتىن پادىشاھتىن خىجىل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تىللالارنىڭ بارلىقىغا خۇش بولۇپ، تىللالارنى بەلۋاغقا تۇگۇپ گەزمالچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئالدىراپ رەخت بازىرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يانچۇقچى بىلەن قاراقچى باينىڭ كەينىدىن رەخت بازىرىغا يەنە بىللە كەپتۇ. باي كەلگىنىچە ھېلىقى گەزمالچىغا: «ئالە ئالىدىغىنىڭنى، پۇل دېگەن مانا!» دەپ بىر يەشكەنىكەن، بۇ قېتىم بەلۋاغدىن بۇرۇنقىدىنمۇ يوغانراق بىر تاش چۈشۈپ، رەخت ساتقۇچىنىڭ بىر پۇتىنى سۇندۇرۇپ قويۇپتۇ. باي تاشنى بېلىگە تۇگۇپ يەنە پادىشاھنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپتۇ. پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارسا، تىللا تۆكۈلۈش، گەزمالچىنىڭ ئالدىغا كەلسە تاش تۆكۈلۈش بىرقانچە نۆۋەت تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئاخىرقى نۆۋەتتە پادىشاھ: «باينىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ، ئەقلىدىن ئازدۇرغان تىللانىڭ ھەممىسى مۇسادىرە قىلىنىپ خەزىنىگە تاپشۇرۇلسۇن!» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باي تىللالاردىن قۇرۇق قاپتۇ. بۇ، پۇتۇنلەي يانچۇقچىنىڭ ئىشى بولۇپ، باي ئوردىدىن چىقىپ رەخت بازىرىغا بارسا تىللانى

www.uyghurkitap.com

ئېلىۋېلىپ ئورنىغا تاش سېلىپ، ئوردىغا ماڭسا تاشنىڭ ئورنىغا تىللالارنى سېلىپ قويغانىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن يانچۇقچى قاراقچىغا قاراپ: «قانداق، ئەمدى قىزنىڭ مېنىڭ ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنسەن؟» دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قاراقچى:

— هازىر تېخى بالدۇر، ئەمدى مېنىڭ هۈنىرىمنى سەنمۇ بىر كۆرۈپ باق. شۇنىڭدىن كېيىن قىزنىڭ كىمگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، — دەپ تاماق يېيىشكە مېڭىپتۇ. بۇلار تاماق يەپ بولغۇچە، كەچ بولۇپ بولغانىكەن. تاماقتىن كېيىن قاراقچى يانچۇقچىنى ئەگەشتۈرۈپ پادىشاهنىڭ ئوردىسىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇچىنچى نۆۋەت ئايلىنىش دەل ھەممە ئادەم ئۇخلاپ قالغان، ئەتراپنىڭ جىمىققان ۋاقتىغا توغرا كەپتۇ. قاراقچى ئالدىن كۆرۈپ قويغان نىشان بويىچە يانچۇقچىنى باشلاپ پادىشاهنىڭ بېغىغا سۇ كىرىدىغان كاماردىن كىرىپ، ئۇيان مېڭىپ ـ بۇيان مېڭىپ، بىر كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا، نۇرغۇن غازلار كۆلدە ئوينىشىپ يۈرگۈدەك. قاراقچى يانچۇقچىنى كۆلنىڭ بويىدا قاراپ تۇرۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزى كۆلگە سەكرەپ چۈشۈپ يوغان غازدىن تۆتنى تۇتۇپ چىقىپ كۆلنىڭ بويىدا بوغۇزلاپتۇ. يانچۇقچىغا يۈگۈداپ ئادالاشنى بۇيرۇپ، ئۆزى باغدىكى چىنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قۇرۇق شاخلارنى سۇندۇرۇپ، يەرگە تاشلىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ئاۋازدىن قورقۇپ كەتكەن يانچۇقچى بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ ئۇن نەچچە قەدەم يىراقلىقتا ھەشەمەتلىك بىر ئۆيدىن چىراغنىڭ يورۇقى چىقىپ

تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئادەمنىڭ گەپ قىلىشقان ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. شۇ ئارىلىقتا قاراقچى دەرەختىن چۈشۈپ سۆندۈرغان ئوتۇنلىرىنى ھېلىقى ئۆينىڭ دېرىزىسىنىڭ تۈۋىگە دۆۋىلەپ ئوت يېقىپ يانچۇقچى يۇڭداپ تەييارلىغان غاز گۆشىنى پارچىلاپ زىخلارغا ئۆتكۈزۈپ، يانچۇقچىغا كۆيدۈرمەي پىشۇرۇشنى جېكىلەپ، ئۆزى چىراغ يورۇغى چىقىپ تۇرغان ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ ئۆي پادىشاھنىڭ يازلىق ئارامگاھى بولۇپ، ئىككى ئېغىزلىق ئىكەن. سىرتقى ئۆيدە پادىشاھنىڭ قىرىق نەپەر مۇھاپىزەتچىسى قاراۋۇللۇق قىلىدىكەن. قاراقچى قاراۋۇللارنىڭ بىردىن مىلتىققا تايىنىپ ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈپتۇ ـ دە، سىرتقا چىقىپ باغنىڭ ۋادەكلىرىدىن قىرىق دانە سۇندۇرۇپ كىرىپ ھەربىر قاراۋۇلنىڭ پېشانىسىگە بىردىن ۋادەكنى تىرەپ قويۇپ، قولىدىكى قورالنى بىر ـ بىرلەپ تارتىۋېلىپ، بىر باغلام قىلىپ ئاشخانىنىڭ ئۆگزىسىگە تاشلىۋېتىپتۇ ۋە خاتىرجەم ھالدا قاراۋۇللاردىن ئۆتۈپ پادىشاھ ياتقان ئۆيگە كىرىپ قارىسا، يانچۇقچى بەخىرامان كاۋاپ پىشۇرۇپ ئولتۇرغۇدەك. خاتىرجەم بولغان قاراقچى پادىشاھنىڭ پۇتىنى تۇتقىلى تۇرۇپتۇ. پادىشاھ چۆچەك ئېيتىپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. قاراقچى پادىشاھنىڭ پۇتىنى تۇتقاچ ئۆزى بىلەن يانچۇقچىنىڭ بۈگۈن قىلغان ئىشىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ.

— جانابىي پادىشاھىئالەم، — دەپ سۆز باشلاپتۇ قاراقچى، — بۇرۇن بىر ۋاقىتلاردا يىراقتىكى بىر شەھەردە

ئۆزلىرىدەك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئىنتايىن گۈزەل، چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن، پادىشاھ قىزىغا بەكمۇ ئامراق ئىكەن. قىزىمغا نامەھرەمنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ قىزىنى زىنداندا ساقلاپتۇ.

ئۇ شەھەردە نامى ھەممىگە ئايان بىر يانچۇقچى بىلەن بىر قاراقچى بار ئىكەن. ئۇلار بۇ قىزنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، بىر - بىرىدىن خەۋەرسىزلا ئوردىنىڭ تېگىدىن لەخمە كولاپ، قىزنىڭ قېشىغا كىرىپ كۆرۈشۈپتۇ. قىز: «دادام بىلەن كۆرۈشۈڭلار» دەپتۇ. ئۇلار قايتىپ چىقىۋېتىپ يولدا ئۇچرىشىپ قىلىپ، بۇ قىزنى تالىشىپ قاپتۇ... چوڭچەك مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قاراقچىنىڭ بۇرنىغا كاۋاپنىڭ كۆيگەن پۇرىقى پۇراپتۇ. قاراقچى بېشىنى كۆتۈرۈپ يانچۇقچىغا قارىسا، يانچۇقچى كۆزلىرىنى پىيالىدەك ئېچىپ، گېلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، «ئوبدان ئاداش، مېنىڭ قىز بولسىمۇ كەچتىم، سېنىڭ بولسۇن، ماڭ، چىقىپ كېتەيلى» دەۋاتقۇدەك. كاۋاپ شۇنىڭ ئۈچۈن كۆيگەنىكەن. بۇنى كۆرگەن قاراقچى يانچۇقچىغا قاراپ: «ئاغىنە، كاۋىپىڭ كۆيمىسۇن!» دەپ ۋارقىراپ قويۇپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان يانچۇقچى قورققان بولسىمۇ، تاشلاپ قېچىشقا پېتىنالماي كاۋاپنى ئۆرۈپ يەنە ئوتقا قاقلاپتۇ. پادىشاھ ئويغىنىپ كېتىپ: «نېمە دەۋاتىسەن؟» دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قاراقچى: «جانابىي پادىشاھئالەم، بۇ، ھېكايىنىڭ قىزىق يېرى، مۇشۇنداق گەپ ئارىلاشمىسا، ھېكايە قىزىق ئاڭلانمايدۇ» دەپتۇ ۋە ھېكايىسىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ئىككىسى قىزنى تالىشىپ قېلىپ، بىر ـ بىرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە چىدىماي، ئاخىر ھەر ئىككىلىسى بىردىن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ بىر ـ بىرىگە كۆرسىتىدىغان، قايسىسى ئۈتۈپ چىقسا قىزنى شۇ ئالىدىغان بولۇپ پۈتۈشۈپتۇ. بۇلار بازار ئايلىنىپ مال بازىرىغا كېلىپ، بىر باينىڭ بەش يۈز دانە قوينى بىر كىشىگە بىراقلا نەق تىللاغا سېتىپ، تىللانى بەلۋاغقا تۈگۈپ گەزمال بازىرىغا ماڭغىنىنى كۆرۈپ، باينىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ گەزمالچىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. يانچۇقچى قاراقچىغىمۇ، بايغىمۇ تۇيدۇرماي باينىڭ بەلۋېغىدىكى تىللالىرىنى ئوغرىلاپ ئورنىغا تاشنى سېلىپ قويۇپتۇ. سودىگەرنىڭ ئالدىدا تىللا ئورنىدا تاش تۇرغانلىقىنى كۆرگەن باي دەرھال تاشنى بەلۋاغقا تۈگۈپ، پادىشاھ ئوردىسىغا كىرىپ پادىشاھقا تاشنى كۆرسىتىپ بولغۇچە، يانچۇقچى تاشنى ئېلىۋېلىپ ئورنىغا تىللانى سېلىپ قويۇپتۇ. سودىگەرنىڭ ئالدىغا تاش كۆتۈرۈپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا تىللا كۆتۈرۈپ بېرىش ئۈچ نۆۋەت تەكرارلانغاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ غەزىپى كېلىپ بۇ باينىڭ تىللاسىنى مۇسادىرە قىلىپ خەزىنىگە كىرگۈزۈۋېتىپتۇ، — دەپ توختىتىشىغا ئۈخلاۋاتقان پادىشاھ ئويغىنىپ: «يانچۇقچى ئۇستا ئىكەن، قىزنى ئاشۇ ئالسا بولغۇدەك» دەپ قويۇپ ئۈيقۇسىنى يەنە باشلىماقچى بوپتۇ. قاراقچى: «پادىشاھىئالەم، قىزنى ئالدىراپ يانچۇقچىغا بېرىۋەتمىسىلە، قاراقچىنىڭ قىلغان ئىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر گەپ بولار» دەپ ھېكايىنى داۋاملاشتۇرۇپ بولغۇچە پادىشاھ: «ھە دېمەمسەن؟ قاراقچى نېمە ئىش قىپتۇ؟» دەپ

ۋارقىراپتۇ. قاراقچى ئوردىغا باغدىن كىرگەنلىكى، غازنى تۇتقانلىقى، چىنارنىڭ قۇرۇق شاخلىرىنى سۇندۇرغانلىقى، پادىشاھ ياتقان ئۆينىڭ يېنىغا ئوت قالاپ كاۋاپ پىشۇرۇشقا يانچۇقچىنى قويۇپ، ئۆزى پادىشاھ ياتقان ئۆيگە كىرىپ، قاراۋۇللارنىڭ مىلتىقىنى تارتىۋېلىپ، پادىشاھنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ ئولتۇرغاچ پادىشاھقا چۆچەك ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى بىر - بىرلەپ ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ چالا ئۇيقۇلۇقتا: «مۇشۇنداقمۇ پادىشاھ بولامدۇ؟ ئارامگاھى كۆل بويىدا تۇرسا، كۆلدىكى غازلىرىنى تۇتسا، غاق - غاقمۇ قىلمىغاندىمۇ؟ چىناردىن شاخ سۇندۇرسا قاراس - قۇرۇسمۇ قىلمىغاندىمۇ، قىرىق نەپەر نان قېپى ئۇخلاپ قېلىپ مىلتىقلىرىنى تارتقۇزۇپ قويسا تېخى... ئەگەر ئاشۇ پادىشاھنىڭ ئورنىدا مەن بولسام، ئۇنداق قاراقچى بىلەن ئوغرىنى تۇتالمىغان نان قېپى قاراۋۇللارنى پۇتۇنلەي دارغا ئاستۇرغان بولاتتىم» دەپتۇ.

شۇ چاغدا قاراقچى: «جانابىي پادىشائالەم، ئەمدى باھا بەرسىلە. پادىشاھنىڭ ھېلىقى قىزنى قايسىسى ئالسا بولغۇدەك؟» دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ: «مېنىڭ ئالدىمغىمۇ بۈگۈن ئاشۇ يانچۇقچى قىلغان ئىشتەك بىر ئىش ئۇچراشقانىدى، مەنمۇ ئاشۇ تىللالارنى خەزىنىگە بۇيرۇغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، يانچۇقچى ئۇستا ئىكەن، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن قاراقچىنىڭ قىلغان ئاشۇ ئىشلىرى راستلا بولىدىغان بولسا، قىزنى قاراقچى ئېلىشقا تېگىشلىك» دەپ يەنە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قاراقچى:

«ئاڭلىدىڭمۇ!» دەپ قاتتىق ۋارقىراپ تاشلاپتۇ. بۇ ئاۋازدىن پادىشاھ يەنە ئويغىنىپ: «نېمە دەۋاتىسەن؟!» دەپ ۋارقىراپتۇ. قاراقچى: «جانابىي پادىشاھىئالەم، بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ يەنە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. قاراقچى بەخىرامان چىقىپ كاۋاپنى يەپ، ئىككى زىخ كاۋاپنى پادىشاھنىڭ بېشىدا قويۇپ، ساق - سالامەت چىقىپ كېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن پادىشاھ ئويغىنىپ، كېچىدە ئاڭلىغان ھېكايىنى ئەسلەپ قاپتۇ. بۇ ھېكايە ئۆزى قىلغان ئىشلارغا ئوخشىغۇدەك. پادىشاھ سىرتقا چىقسا، تاشقىرى ئۆيدە قىرىق قاراۋۇل بىردىن ياغاچنى بۇرنىغا تىرەپ چىڭ تۇتقان ھالدا ئۇخلاۋاتقۇدەك. غەزەپكە كەلگەن پادىشاھ: «جاللات!» دەپ توۋلاپتۇ. قىرىق قاراۋۇل قوللىرىدا نېمە بارلىقىنى پەرق ئەتمەيلا «خوپ!» دەپ ۋارقىراپ تىك تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ كۈلۈپ تاشلاپتۇ. قىرىق قاراۋۇل قوللىرىغا قارىسا ھەممىسىنىڭ قولىدا بىر تالدىن ھاسا تاياق تۇرغۇدەك. قاراۋۇللار پادىشاھنىڭ كۈلكىسىنىڭ مەنىسىنى ئاندىن چۈشىنىپتۇ. پادىشاھ كىيىملىرىنى كىيىپ ئوردىغا چىقىپ، پۈتۈن ئەھۋالنى ۋەزىرلەرگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ قارىسا، پادىشاھ ياتقان يەردە ئىككى زىخ غاز كاۋىپى تۇرغۇدەك. قىرىق قاراۋۇل خىجىللىقتا بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئاخشامقى ھېكايىنى ئەسلەپ، قاراۋۇللارنىڭ قوراللىرى ئېھتىمال ئۆگزىدە بولۇشى مۇمكىن دەپ ئادەم بۇيرۇغانىكەن، قورال - ياراغلار ئۆگزىدە تۇرغۇدەك. بۇلار ئوردا ئالدىغا چىقىپ، بۇ جايغا

كىرگۈچىلەر دەل ئاشۇ قاراقچى بىلەن يانچۇقچىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ، بۇلار كىرىشتە يامان نىيەت بىلەن كىرمەستىن، بەلكى ھەر قايسىسى ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ، كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يەتمەك ئۈچۈن كىرگەن دەپ قاراپتۇ. كوچىلارغا ئادەم چىقارتىپ كېچىدىن پادىشاھنىڭ بېغىغا كىرىپ، ھۈنىرىنى كۆرسەتكەن قاراقچى بىلەن يانچۇقچى دەرھال پادىشاھ ئالدىغا كىرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن دەپ جاكارلاتقۇزۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قاراقچى: «ماڭ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىمىز» دەپ يانچۇقچىنى ھەيدەپتۇ. يانچۇقچى: «مەن ئۆزۈمچە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، بېشىمنى تۇتۇپ بەرگىلى ئەخمەق ئەمەس، ئۆزۈڭ كىر» دەپ ئۇنماپتۇ. قاراقچى ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھ جازالىغۇدەك جىنايەت ئۆتكۈزمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئىككىسى بىللە ئوردىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن ۋەزىرلىرى بىلەن زىياپەت ئۈستىدە تۇرغانىكەن، بۇلار كىرىپ پادىشاھقا سالام بېرىپتۇ. قاراقچى: «باينىڭ قوي ساتقان تىللالىرىنى تاشقا ئالماشتۇرۇپ بىر دەم سودىگەرنى، بىر دەم پادىشاھنى ئەخمەق قىلغان يانچۇقچى ماۋۇ بولىدۇ. كېچىدە ئوردىغا كىرىپ كارامەت كۆرسەتكەن قاراقچى مانا مەن بولىمەن» دەپ ئۆزلىرىنى مەلۇم قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىززەت بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئورۇنغا تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ قاراقچىنى چاقىرىپ ئۆز يېنىدىن ئورۇن بېرىپتۇ. زىياپەت ئارىلىقىدا، پادىشاھ قاراقچىنىڭ قۇلىقىغا: «مەنمۇ بۇرۇن سىزدەك قاراقچى ئىدىم، كېيىن پادىشاھ بولغان» دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

پادىشاھنىڭ قىزىنى قاراقچىغا، ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ قىزىنى يانچۇقچىغا نىكاھلاپ قويۇپتۇ. ئەل ئاغزىدىكى «قارىغۇ قارىغۇنى قاراڭغۇدا تونۇيدۇ» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن تارقالغانىكەن[1].

## ھۈنىرى يوقنىڭ جېنى يوق

قەدىمكى زاماندا، يىراق بىر ماكاندا بىر شەھەر بار ئىكەن. بۇ شەھەرگە ئابدۇل ئەزىزخان ئىسىملىك بىر كىشى پادىشاھ ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى ئابدۇل قادىر، كىچىكىنىڭ ئىسمى ئابدۇل ۋارىس ئىكەن. كىچىك شەھەردىن توقسان توققۇزى، سەھرا بازىرىدىن توققۇز يۈز توقسان توققۇزى بۇ پادىشاھنىڭ خانلىقىغا قارايدىكەن. ياۋاشقا زۇلۇم سالماسلىق، يامانغا رەھىم قىلماسلىق ئابدۇل ئەزىزخاننىڭ ئەل سوراشتىكى مىزانى ئىكەن. پارىخور ئەمەلدارلارنى جازالاپ، ئەدلى ـ ئادالەت ئورنىتىش، ئوغرى ـ قاراقچىلارنى زىندانغا تاشلاپ ئەلنى تىنچىتىش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، چۆللەرنى گۈلزارلىققا ئايلاندۇرۇش، ئادەم ياشىغانلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە مەكتەپ ئاچقۇزۇپ باللارنى ئوقۇتۇش، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە ھۈنەر ـ كەسىپ

[1] «قاغىلىق خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى، 1989 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى.
خاتىرىلىگۈچى: تۇردى قاۋۇز (مەرھۇم دادىسى قاۋۇز ئاخۇن ئاكىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە خاتىرىلىگەن.)

ئىگىلىتىپ موھتاجلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئەلنىڭ ئاغرىنى ئاشقا، ئېغىلنى مالغا، يانچۇقنى پۇلغا تولدۇرۇپ، باياشات قىلىش ئۇنىڭ دائىملىق ئىشى ئىكەن.

شۇڭا، پۇقرالار ھەر كۈنى ئوقۇيدىغان بەش ۋاخ نامىزىنىڭ دۇئاسىدا: «خۇدايا، پادىشاھىمىزنىڭ ئىسمىدىن ئاۋۋال ئۆزىنى ئەزىز قىلغايسەن، يالغۇز بۇ ئالەمدە ئەزىز قىلىپ قالماي، ئۇ ئالەمدىمۇ ئەزىز قىلغايسەن» دەپ دۇئا قىلىشىدىكەن.

ئابدۇل ئەزىزخان بىر كۈنى ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن ئىككى ئوغلىنى يېنىغا چاقىرتىپ:

— باللىرىم ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولۇپ قالدى. مەن ئۆلۈپ كەتسەم، شاھلىق چوڭ ئوغلۇم ئابدۇل قادىرغا مىراس قالىدۇ. شۇڭا، ئۇ يېنىمدا تۇرۇپ ئوردا ئىمامىدا ئوقۇغاچ ئوردا ئىشلىرىنى ئۆگەنسۇن. كىچىكىنى مەدرىسىگە ئاپىرىپ بېرەيلى، بىرقانچە يىل ئوقۇسۇن. كېيىنچە ئاكىسىغا ئەقىل كۆرسەتسە ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ. ئىش ئابدۇل ئەزىزخاننىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، چوڭ شاھزادە ئوردىدا قاپتۇ. كىچىك شاھزادە قوشنا ئەلدىكى مەدرىسىلەرنىڭ بىرىگە ئەۋەتىلىپتۇ. چوڭ شاھزادە ئوردا ئىمامىنىڭ ساۋاقلىرىنى ئانچە - مۇنچە ئۆگەنگەن بولسىمۇ، دادىسىنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى بولماپتۇ. ھەر كۈنى سىرتقا چىقىپ، ئالدى بىلەن تۆمۈرچىلىك كوچىسىغا چىقىپ، بازغان ئۇرۇۋاتقان، كۆرەك بېسىۋاتقان، بىر پارچە دات تۆمۈرنى چوغدەك تاۋلاپ، بىرەر سايماننىڭ شەكلىگە كەلتۈرگىنىنى كۆرىدىكەن - دە، ئاستا كېتىپ قالىدىكەن، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى

بىلەن شاھزاد شەھەرنىڭ بۇلۇڭ كوچىلىرىدىكى ئەسكى ئىشلارغا ئۆگىنىپ قاپتۇ. ئابدۇل ئەزىزخان شاھزادىنىڭ يامان يولغا كىرىپ قالغىنىنى بىلمەيدىكەن. بىلىدىغانلار ئېيتىپ قويۇشتىن قورقىدىكەن. كۈن تۈنگە ئۇلىنىپ تۈن كۈنگە ئالمىشىپ، ئاي - يىللار ئۆتۈپ، پادىشاھقا ئۆلۈم نۆۋىتى يېتىپتۇ. ئابدۇل ئەزىزخان ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغاندىن كېيىن، شاھلىق چوڭ شاھزادىگە مىراس قاپتۇ، شاھزادىنىڭ سۈپەت - ناملىرى «ئابدۇل قادىرخان شاھ ھەزرەتلىرى» گە ئالمىشىپتۇ. شاھ ھەزرەتلىرى تاج كىيىپ تەختكە ئولتۇرۇپتۇ. يۇقرالار قانچە ئونلىغان مەيدانغا توپلىشىپ، ناغرا - سۇناي چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ئابدۇل قادىر شاھزادىنىڭ شاھلىق تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى مۇبارەكلىشىپتۇ. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر يۇقرالارنىڭ يېڭى پادىشاھقا بولغان ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ئىزھارلاپ مەكتۇپلار يېزىشىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي كىچىك شاھزادە قوشنا ئەلدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ ئاكىسىنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىش مەقسىتىدە كەلگەنىكەن، قادىرخان ئىنىسىدىن بىرەر قېتىممۇ مەسلىھەت سورىماپتۇ. كۈنى كەيپ - ساپا بىلەن ئۆتكۈزۈش ئۇنىڭ ۋاز كېچەلمەيدىغان ئادەتلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئاپتۇ. مەملىكەتتە ئەدلى - ئادالەت ئازىيىشقا باشلاپتۇ. چوڭ - كىچىك مەنسەپدارلار دېگۈدەك خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇققا كۆنۈپ كېتىپتۇ. ئوغرى - قىمارۋاز، بەڭگى - قاراقچىلار قۇتراپ ئەلگە ئامانلىق بەرمەپتۇ. ھەممىلا يەرنى بوزەك بولۇۋاتقان

www.uyghurkitap.com

پۇقرالارنىڭ ئاھۇ زارى قاپلاپ كېتىپتۇ.

چىداپ تۇرالمىغان خەلق تەرەپ - تەرەپتىن غوۋغا كۆتۈرۈپتۇ. ئابدۇل قادىرخان بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلاپتۇ - دە، ۋەزىرلىرىنى يىغىپ: «مەن ئۇستازىمدىن ‹بىلىكى بار بىرنى يېڭەر، بىلىمى بار مىڭنى يېڭەر› دېگەن ھېكمەتنى ئاڭلىغانىدىم. پادىشاھلىق ھېچقاچان دۈشمەندىن خالىي بولمايدىكەن. ئىنىمنىڭ بىلىمى مەندىن خېلى ئارتۇق، غوۋغانى تىنچىتىش ئۈچۈن تەدبىر كېرەكتۇر، قىلىچ بىلەن پۇقرانى قىرىپ تۈگەتكىلى بولماس. شۇڭا، پادىشاھلىقنى ئىنىم ئابدۇل ۋارىسخانغا ئۆتۈنۈشنى لايىق تاپتىم» دەپتۇ. ئابدۇل قادىرخاننىڭ شاھلىقنى ئىنىسى ئابدۇل ۋارىسخانغا ئۆتۈنۈپ بەرگىنى خىيانەتچى، پارىخورلار، ئوغرى قىمارۋازلار ۋە ساختىپەز سودىگەرلەردىن باشقا ھەممە كىشىگە يېقىپتۇ. ئوردىدىن پەرمان چىقىرىلىپ، شەھەردىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە، ئەر - ئايال قېرى - ياش، شاھلىق تەۋەسىدىكى چوڭ - كىچىك سىپاھلار ئوردا ئالدىغا يىغىلىپتۇ. ئابدۇل قادىرخان راۋاقتا چىقىپ شاھلىق تاجىنى ئۆز قولى بىلەن ئىنىسى ئابدۇل ۋارىسخاننىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپتۇ، پۇقرالار قىزغىن تەنتەنە قىلىشىپتۇ. ئابدۇل ۋارىسخان پادىشاھ بولغان كۈندىن باشلاپ، مەرھۇم دادىسىنىڭ شاھلىق ئىشلىرىغا چىن ئىخلاسى بىلەن ۋارىسلىق قىلىپ، غوۋغانى تىنچىتىپتۇ. ئەل كۆڭلى خاتىرجەم بولغانسېرى، ئابدۇل

قادىرخانىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى توغرۇلۇق گەپ - سۆزلەر كۆپىيىشكە باشلاپتۇ ۋە ئەل ئىچىدە كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەك يۈزى قالماپتۇ. ئۇ ئاخىر شەھەرنى تاشلاپ باشقا ئەلگە كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئىنىسىدىن مىراس تەلەپ قىپتۇ. ئىنىسى دادىسىدىن قالغان ۋەج - دۇنياسىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئاكىسىنىڭ خالىغىنىنى ئېلىشىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئابدۇل قادىرخان بىر بۆلەك مال - دۇنيا، ئالتۇن - كۈمۈشنى ئېلىپ، توغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپتۇ. ئۇ بىرىم ئاي يول يۈرگەندىن كېيىن، قوشنا ئەلنىڭ كىچىكرەك بىر شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. بۇ شەھەر ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قاپتۇ - دە، ئىككى ئېغىز ئۆي سېتىۋېلىپ تۇرمۇشىنى باشلاپتۇ. بىكار يېتىپ، بۇزۇپ خەجلەپ، ئىنىسىدىن بۆلگەن مال - دۇنيا، ئالتۇن - كۈمۈشلىرى ئالتە ئاي بولار - بولمايلا پاك - پاكىز تۈگەپتۇ. ئىككى ئېغىز ئۆينى سېتىپ پۇلىغا ئوزۇق، سەي - كۆكتات سېتىۋېلىپ، بىرەر يىلغىچە جان ساقلاپتۇ، ئۇنىڭ تۆت بالىسى «ئانا، قورسىقىم ئاچتى» دەپ يىغلايدىغان بوپتۇ. خوتۇنى: «دادىسى، بىر ئىلاج قىلايلى» دەيدىكەن. ئابدۇل قادىرخان ھېچ ئامال تاپالماي، كوچىغا چىقىپ كېتىپتۇ - دە، ماڭا - ماڭا تۆمۈرچىلىك كوچىسىغا بېرىپ قاپتۇ. يەنە شۇ بازغان ئۇرۇۋاتقان قارامۇتۇق شاگىرتلار، چوغدەك قىزارغان تۆمۈرلەر، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتلار... ئابدۇل قادىرخانىنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. شۇ ھامان ئۇنىڭ ئوقۇماي كەيپ - ساپا قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا پات - پات كېلىپ چۆرگىلەپ كېتىدىغان ئۆز شەھىرىدىكى

www.uyghurkitap.com

تۆمۇرچىلىك كوچىسى ئېسىگە يېتىپتۇ ـ دە، خىيال سۈرۈپ ئۇزاق تۇرۇپ قاپتۇ.

— ئۇكام، قىلدۇرىدىغان ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دەپتۇ تۆمۈرچى.

ئابدۇل قادىرخان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي سەل گاڭگىراپتۇ ۋە:

— ئىشىمغۇ يوقتى، ئەمدى شۇ، قاشلىرىغا كېلىۋىدىم، — دەپتۇ.

تۆمۈرچى بۇ يىگىتنىڭ سولغۇن چىرايىغا بىر قۇر نەزەر سالغاندىن كېيىن، ئىشنى قويۇپ ئابدۇل قادىرخاننى دۇكان ئۆيىگە باشلاپ كىرىپتۇ. ئابدۇل قادىرخان ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىپتۇ ۋە ئۇستامىنىڭ رازىلىقى بىلەن بۇ دۇكاندىن ئىش تېپىپتۇ. ئۇ، ھەر كۈنى ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە كۆرەك باسىدىكەن. ئۇنىڭ تۆت بالىسى بارلىقىنى بىلگەن ئۇستام «شاگىرت بولغاندىكىن» دەپ ئۇلتۇرماي تاپاۋىتىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ خىراجەت بېرىدىكەن، ئابدۇل قادىرخان بۇ پۇلغا نان سېتىۋېلىپ باللىرىنى باقىدىكەن. ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت يىل ئۆتۈپتۇ، كۆرەك بېسىپ زېرىككەن چاغلىرىدا ئانچە ـ مۇنچە بازغان ئۇرۇپمۇ قويىدىكەن، بولقا تۇتۇپمۇ قويىدىكەن، ئىشقىلىپ، ئۇ لاخشىگىر، بىگىز ـ قىڭىراق سوقالايدىغان، كەكە ـ پالتا قاقالايدىغان بوپتۇ. شاگىرتىنىڭ بۇنچىلىك ئىخلاس قىلىپ ئىشلىگىنىنى كۆرگەن قاسىماخۇن ئۇستام: «ھۈنەرنى بالا چېغىڭىزدىن باشلاپ ئۆگەنگەن بولسىڭىز، ھازىر داڭ چىقىراتتىڭىز،

كىچىككەن بولسىڭىزمۇ خېلى ئۆگەندىڭىز» دەپتۇ ـ دە، بىر يۇرۇش سايمان ئايرىپ، بىر قازان پولۇ ئېتىپ، مەھەللە ئاقساقاللىرىنى مېھمان قىلىپ دۇئا بېرىپتۇ. ئۇستىسىنىڭ بۇنچىلىك مېھىر ـ شەپقەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئابدۇل قادىرخان خىجالەت بولۇپ: «ئۇستام مەن ئۆزلىرىنى رازى قىلالمىدىم» دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

— ئۆگەنگەن ھۈنىرىڭىز بىلەن بالىلىرىڭىزنى ئاچ قويماي بېقىپ، ئىناق تۇرمۇش كەچۈرسىڭىز، مەن شۇنىڭغا رازى، — دەپتۇ قاسىماخۇن ئۇستام. ئابدۇل قادىرخان كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ بىرقانچە يىلدىن بېرى سىر ساقلاپ كەلگەن نەسەبنامىسىنى ئاشكارىلاپتۇ ۋە نەسەبكە چوقۇنۇپ، ئىلىم ئۆگەنمىگەنلىكىگە، ھۈنەر ئىگىلىمىگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئىزھار قىپتۇ. «پۇشايمان قىلىشىڭ ئورنىغا، — دەپتۇ قاسىماخۇن ئۇستام، — دانىشمەنلەرنىڭ ‹ھۈنەر نەسەبتىن ئۈلۈغ› دېگەن ھېكمىتىنىڭ توغرىلىقىنى تونۇپ، بالىلىرىڭىزنى ئالدى بىلەن ئوقۇتۇڭ، ئوقۇپ بولغاندا، بىرىنچىدىن، تەمەگەر بولمىسۇن، ئىككىنچىدىن، موھتاجلىق دەردى تارتمىسۇن دېسىڭىز، دەرھال ھۈنەرۋەنگە شاگىرتلىققا بېرىپ كەسىپ ئۆگىتىڭ، ئەگەر ھۈنەر ئۆگەتمىسىڭىز، تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە قالغاندا، ھايات بولسىڭىز سىزنى خارلايدۇ. ئۆلۈپ كەتكەن بولسىڭىز، قەبرىڭىزگە بېرىپ: ‹دادامنىڭ ياتقان جايى جەننەتتە بولغاي› دېمەي، دوزاخنىڭ تېگىدە بولسۇن دەپ دۇئا قىلىدۇ» دەپتۇ. «ھۈنىرى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن

قالغانىكەن[1].

## ئۈنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

قەدىمكى زاماندا، تىزناپ دەرياسىنىڭ بويىدىكى يېزىلارنىڭ بىرىدە بىر تۇل خوتۇن ياشىغانىكەن. تۇل خوتۇننىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. چوڭىنىڭ ئىسمى ئەمەتەك، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئىسمى سەمەتەك، كىچىكىنىڭ ئىسمى رەمەتەك ئىكەن. ھەممىسىدىن رەمەتەك ئەقىللىق ئىكەن. ئوغۇللارنىڭ چوڭى ئون ئالتە ياشقا، كىچىكى ئون ئىككى ياشقا كىرگەندە ئەمەتەك ئانىسىغا:

— مېنى بىرەر ھۈنەرۋەنگە شاگىرتلىققا بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

— قانداق ھۈنەرنى ئۆگەنگۈڭىز بار؟

— موزدۇزلۇقنى.

ئانىسى ماقۇل دەپ، ئەمەتەكنى شۇ كەنتتىكى ئەيسىراخۇن ئىسىملىك بىر موزدۇزغا شاگىرتلىققا بېرىپتۇ.

— ئەمەتەك، — دەپتۇ بىر كۈنى ئەيسىراخۇن ئۇستام، — سېنى ئۈچ ئىشقا بۇيرۇيمەن، بىرىنچىسى، تاۋاقتىكى قېتىقنىڭ ئۈستىدىكى قايمىقىنى بۇزماي ئىچىسىز. ئىككىنچىسى قومدىن يىپ ئېشىسىز، ئۈچىنچىسى، سېغىزدا

---

[1] «قاغىلىق خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى، 1989 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى.
ئېيتىپ بەرگۈچى: زەيدىن پولات      خاتىرىلىگۈچى: كېرىم نىياز

چەم كېسىسىز.

ئەمەتتەك بۇ ئۈچ ئىشنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلالماپتۇ. ئەيسىراخۇن ئۇستىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۆتۈكنىڭ چەمگە مىخ ئۇرىدىغان بولقا بىلەن بىرنى ئۇرغانىكەن، ئەمەتتەك ئۆلۈپ قاپتۇ. ئەيسىراخۇن ئۇستام يالغان ـ ياۋىداق گەپلەر بىلەن ئەمەتتەكنىڭ ئۆلۈكىنى ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئانىسى يىغلاپ ـ قاقشاپ دەپنە قىپتۇ. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە، سەمەتتەك ئانىسىغا:

— مېنى بىرەر ھۈنەرگە شاگىرتلىققا بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

— قايسى ھۈنەرنى ئۆگىنىشنى خالايسىز؟

— موزدۇزلۇقنى.

— ئاكىڭىزمۇ موزدۇزنىڭ قولىدا ئۆلدى. باشقا ھۈنەرۋەنگە بېرەي.

— ياق، ئاكامنىڭ قىساسىنى ئالىمەن.

بىچارە ئانا ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ «ئاكامنىڭ قىساسىنى ئالىمەن» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، موزدۇزغا تۇتۇپ بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ تەقدىرىمۇ چوڭ ئوغلىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشاش بوپتۇ. بۇ تۇل خوتۇن ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتمەي تۇرۇپ، ئىككى ئوغلىدىن ئايرىلىپتۇ.

— ئانا، — دەپتۇ بىر كۈنى كىچىك ئوغلى رەمەتتەك، — موزدۇزلۇقنى ئەمدى مەن ئۆگىنىمەن.

— ئۇنداق گەپنى ھەرگىز قىلماڭ. ئىككى ئاكىڭىزدىن ئايرىلدىم، ئەمدى سىزمۇ مېنى تاشلاپ كېتەي دەمسىز؟

— ياق، مەن چوقۇم ئىككى ئاكامنىڭ قىساسىنى ئالىمەن.

تۇل خوتۇن قىساس ئېلىشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كىچىك ئوغلىنى ئەيسىراخۇن موزدوزغا تۇتۇپ بېرىپتۇ. ئەيسىراخۇن رەمتەككىمۇ ھېلىقى ئۈچ ئىشنى بۇيرۇپتۇ. رەمتەك پەم ئىشلىتىپ، ھېجىر تاۋاقنىڭ تۈۋىنى تېشىپ، تۆشۈكىدىن ئىچى كاۋاك قومۇش ئۆتكۈزۈپ، قېتىقنى سۈمۈرۈپ ئىچىپتۇ. قېتىقنى ئىچىپ بوپتۇ - يۇ، قايمىقى بۇزۇلماپتۇ. ئەيسىراخۇن ئۇستام رەمتەكنىڭ پەمىگە قاراپ، قالدى ئىككى ئىشنى بولدى قىلىۋېتىپتۇ. شۇ كۈنلەردە ئۇستامنىڭ خوتۇنى تۇغۇپتۇ. ئۇستام رەمتەكنى بالا بېقىشقا سېلىپ ھۈنەر ئۆگەتمەپتۇ. بىر كۈنى بالا قاتتىق يىغلىغانىكەن، ئۇستامنىڭ خوتۇنى رەمتەككە: «بالىنى جىم قىلغىن» دەپتۇ. رەمتەك بالىنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ، ھويلىدىكى ياغاچ دەرىخىنىڭ گۈندىسىغا بىر ئاتقانىكەن، بالا ئۆلۈپتۇ. رەمتەك بالىنى ئېلىپ كىرىپ: «خان ئاچا، بالا جىم بولدى» دەپتۇ. ئۇستامنىڭ خوتۇنى: «قولۇم خېمىردا، كۆرپىگە يۆگەپ قوي، ئويغانغاندا ئېمىتىمەن» دەپ كارى بولماپتۇ. رەمتەك بالىنى كۆرپىگە يۆگەپ قويۇپ، پەرۋاسىز يۈرۈۋېرىپتۇ. بالا تاكى قاراڭغۇ چۈشكۈچە مىدىر - سىدىر قىلماي يېتىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا ئۇستامنىڭ خوتۇنى بالىنىڭ بېشىغا كېلىپ بۇرنىنى چىمدىپتۇ، مىدىرلىتىپتۇ، بالا يىغلىماپتۇ. «ۋاي ئاللا، ۋاي كاللا، ئىسسىت بالام، ئارماندا كەتكەن بالام» دەپ ھازا قىپتۇ. رەمتەكمۇ قوشۇلۇپ، «چىرايلىق بالىدى، چوڭ بولسا بەگ

بولاتتى، ۋاي ئىسست، ۋاي ئىسست» دېيىشىپ بېرىپتۇ.
ئەيسىراخۇن ئۇستام بازاردىن قايتىپ كېلىپ بولغۇچە، مەھەللىدىكىلەر بالىنى كۆمۈپ بوپتۇ. ئەيسىراخۇن ئۇستام بالىغا رازىلىق بېرەلمىگەنلىكىگە خاپا بولۇپ، بىردەم تاپا ـ تەنە قىلغاندىن كېيىن، «بۇ خۇدانىڭ تەقدىرى» دەپ جىمىپلا قاپتۇ.
بىر كۈنى ئەيسىراخۇن ئۇستام خوتۇنىنى ئېلىپ، باشقا بىر مەھەللىگە مېھماندارچىلىققا مېڭىپتۇ. مېڭىش ئالدىدا ئۇستامنىڭ خوتۇنى رەمىتەككە: «بىز كېلىپ بولغۇچە هويلىنى ياغ قۇيۇپ يالىغۇدەك قىلىپ قوي، توخۇلار ئاچ قالمىسۇن» دەپتۇ. رەمىتەك ئالدى بىلەن توخۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەيسىراخۇن ئۇستامنىڭ كېلىشىگە يېقىن ئۆيدىكى كوزا ـ قاپاقلارغا قاچىلانغان ياغلارنىڭ ھەممىسىنى هويلىغا تۆكۈپ، بوسۇغىنىڭ تۈۋىنى راسا تېيىلغاق قىلىپ قويۇپتۇ. بىر چاغدا ئەيسىراخۇن ئۇستام خوتۇنى بىلەن قايتىپ كەپتۇ. ئەيسىراخۇن ئۇستام ئېغىلغا، خوتۇنى ئۆيگە مېڭىپتۇ. خوتۇنى بوسۇغىدىن پۇتىنى ئېلىش بىلەن تەڭ، تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، بېشى بوسۇغىغا تېگىپ هوشىدىن كېتىپتۇ.
ـــ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ـــ دەپتۇ ئەيسىراخۇن.
ـــ «خان ئاچام هويلىنى ياغ قۇيۇپ يالىغۇدەك قىلىپ قوي» دېگەنىدى. «خان ئاچام ياغ بولمىسا نېمىنى يالا» دەپ ياغنى هويلىنىڭ ھەممە يېرىگە چاچقانىدىم. توخۇلار تىرىك تۇرسا ئاچ قالىدىكەن دەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدىم.

ئەيسىراخۇن ئۇستامنىڭ خوتۇنى ساقىيالماي، ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى رەمتەك بىر چۆلدە ئۆلۈك ئاتنىڭ تاپىنى كۆرۈپتۇ. تاپىنىڭ باشقا يېرى بۇزۇلمىغان بولۇپ، غىجى(بىر خىل يىرتقۇچ قۇش) كۆتىدىن كىرىپ ئىچ قارنىنى يېگىلى تۇرغانىكەن. رەمتەك يەر بېغىرلاپ كېلىپ، تاپىنىڭ كۆتىگە تەلپىكىنى تىقىپ قويۇپتۇ ۋە قايتىپ بېرىپ: «ئۇستام، چۆلدە بىر ئات بار ئىكەن، مىنىسە ئۇچىدىكەن، ئەمدى بولدى دېسە ئاستا يەرگە چۈشىدىكەن» دەپتۇ. ئەيسىراخۇن: «مەنمۇ مىنىپ باقاي» دەپ كەپتۇ. رەمتەك ئۇستىسىنى ئاتنىڭ تاپىغا يۆلەپ مىندۈرۈپ، ئىككىنى شاپىلاقلىغانىكەن، تاپىنىڭ ئىچىدىكى غىجىلار ئۇچۇپ، تاپنى ھاۋاغا ئېگىزلىتىپتۇ. خېلى ئېگىزلىگەندە رەمتەك: «ۋاي ئۇستام، مىنگەن ئاتلىرىنىڭ كۆتىگە تەلپىكىم قىستۇرۇلۇپ قاپتۇ. تاشلىۋەتسىلە» دېگەنىكەن، ئەيسىراخۇن ئۇستام ئاتنىڭ كۆتىدىن رەمتەكنىڭ تەلپىكىنى ئېلىپ تاشلىۋېتىپتۇ. غىجىلار تاپىنىڭ ئىچىدىن بىر - بىرلەپ ئۇچۇپ چىقىپ، تاپنى كۆتۈرۈپ تۇرغىلى ھېچنەرسە قالمىغاچقا، تاپ يەرگە چۈشۈپتۇ. ئەيسىراخۇن ئۇستاممۇ تاپ بىلەن بىرگە چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ.

رەمتەك ئىككى ئاكىسىنىڭ قىساسىنى مانا مۇشۇنداق ئاپتۇ. خەلق ئىچىدىكى «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن[1].

---

[1] «قاغىلىق خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى، 1989 - يىل 9 - ئاي نەشرى.
ئېيتىپ بەرگۈچى: ھۈسىيىن ئېزىز خاتىرىلىگۈچى: مىجىت نىزامىدىن، تۇرامەت تۇردى، مۇھەممەت ھېزىم

## قازانغا يولۇقساڭ قارىسى، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى

بۇرۇن بىر يېزىدا داڭقى چىققان ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئوغرى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى قۇتلۇق باقى، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئىسمى نىغەم باقى، كىچىكىنىڭ ئىسمى دانىش باقى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئىسمىنى باقىلار دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلار دائىم يۇرتمۇيۇرت ئايلىنىپ يۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئوغرىلاش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بۇ ئوغرىلار ئوغرىلىغان مال ـ پۇللىرىنى تۆتكە بۆلۈپ، ئۈچ بۆلىكىنى ئۆزلىرى ئالىدىكەن، بىر بۆلىكىنى بولسا پاشاپىقا سۇنۇپ بېرىدىكەن. ئەگەر بۇلار ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالسا، پاشاپ سوراق قىلىپ قىيىن ـ قىستاققا ئالغان بولۇپ، جازاغا تارتماي قويۇپ بېرىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، بىكاردىن كەلگەن مال ـ پۇللارنى يەپ ئوغرىلار كۈندىن ـ كۈنگە باي بولۇپ كېتىپتۇ. بۇلارغا ھېچقانداق كىشى گەپ ـ سۆز قىلالماپتۇ. ئۇ چاغلاردا پاشاپلاردىمۇ ئەدلى ـ ئادالەت دېگەن نەرسە يوق ئىكەن. شۇڭا، ئوغرىلار كۈندىن ـ كۈنگە ھەددىدىن ئېشىپ ئاشكارا بۇلاڭچىلىققا ئۆتۈپتۇ. پاشاپىنىڭمۇ بۇلارغا شېرىك بولغۇسى كەپتۇ. لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالماپتۇ. ئاخىر ئاچ كۆز پاشاپ ئوغرىلارنى ئۆيىگە چاقىرىپ، ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن مېھمان قىپتۇ. داستىخان ئۈستىدە مەقسىتىنى ئېيتىشقا تەمشەلگەندە، پاشاپىنى بەگنىڭ دوغىسى چاقىرىپ ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ پاشاپ

بىلەن باقىلار مەقسەتلىرىنى ئېيتىشالماي قاپتۇ.
ئەمدى گەپنى بەگ بىلەن پاشاپتىن ئاڭلايلى: بەگنىڭ قول ئاستىدىكى يۇرتتا كاتتا بىر سودىگەر بولغانىكەن. ئۇنىڭ چىرايلىق خوتۇنى بولۇپ، بۇنىڭغا بەگنىڭ كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. لېكىن سودىگەرنىڭ خوتۇنى بەگكە قارىمايدىكەن. چۈنكى سودىگەردە دۇنيا تولا بولغاچقا، پۇل ـ مالنى دەپ سودىگەردىن يۈز ئۆرۈمەپتۇ. بەگ زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىش نىيىتىنى ئويلاپ بېقىپتۇ، ئەمما سودىگەرنىڭ خوتۇنى بەگكە مايىل بولمىغاچقا ئىش ئوڭۇشلۇق بولماپتۇ. ئاخىر ئويلاپ سودىگەرنىڭ ماللىرىنى ئوغرى ئالسا، سودىگەر كەمبەغەل بولسا، ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئۆزۈمگە قارىتىۋالسام، دېگەن ئويغا كېلىپ پاشاپنى چاقىرغانىكەن، پاشاپ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئوغرىلىرىغا قوشۇلۇش نىيىتىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ دەرھال بەگكە ۋەدە قىپتۇ. بەگمۇ پاشاپقا ۋەدە بېرىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ سودىگەرنىڭ ماللىرى ئوغرىلىنىپ تۈگەپ بولغۇچە ئۇنى تەكشۈرمەسلىك، ئوغرىلار تۇتۇلسا چارە قىلماسلىق ھەققىدە تىلخەت يېزىشىپتۇ. پاشاپ بەگدىن تىلخەت ئېلىپ يانچۇقىغا مەھكەم سېلىپ، ئەمدى مەنمۇ ئوغرىلارغا قوشۇلۇپ نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ئىگە بولىدىغان بولدۇم، دەپ ناھايىتى خۇش بوپتۇ. دەرھال بۇ خەۋەرنى باقىلارغا يەتكۈزۈپتۇ. باقىلار بەگنىڭ مەسلىھەتى بويىچە سودىگەرنىڭ ئۆيىنى كۆچۈرۈشكە ۋەدە بېرىپتۇ. باقىلار يۇرت ئىچىدە ھېچكىمدىن قورقمىسا ئاشۇ سودىگەردىن قورقىدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆيىگە، پۇل ـ ماللىرىغا چېقىلمايدىكەن. بۇنىڭ

سەۋەبى سودىگەرنىڭ خوتۇنى خاننىڭ قىزى بولۇپ، باقىلار سودىگەردىن ئەمەس، خاننىڭ غەزىپىدىن قورقىدىكەن. باقىلار مەسلىھەت قىلىشىپ: «بىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تاپقان پۇللىرىمىزنى ئۇچكە بۆلمەي تۆتكە بۆلۈپ ئۈلەشتۇق. پاشىشاپ بىزنىڭ ئەجرىمىزدىن كەلگەن پۇللارنى سەرپ ئەتتى. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە بىزنى خاننىڭ گۇندىخانىسىغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولغان ئوخشايدۇ، بىز پاشىپنى بۈگۈندىن باشلاپ قېتىمىزغا قوشۇۋالساق، تۇتۇلۇپ قالمىساق، تۆت كىشى بىر بولۇپ پۇل ـ مالنى تۆتكە بۆلۈپ ئۈلەشسەك، ئەگەر تۇتۇلۇپ قالساق، ھەممە ئىشلىرىمىزنى پاشىپقا ئارتىپ بىز خاننىڭ گۇندىخانىسىدىن ئاجراپ قالساق» دېگەن مەسلىھەتنى تۈزۈشۈپ پاشاپقا مەسلىھەت ساپتۇ. پاشىشاپ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇلارغا قوشۇلۇش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى، لېكىن بۇنى ئېيتىشقا پېتىنالمىغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ. باقىلار پاشاپنىڭ بۇ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز سېپىگە قوشۇپ ئوغرى بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، بۇ ئۈچ كىشى پاشاپقا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پاشىشاپ خۇشاللىقىدىن ئۆزىچە مەن ئەمدى نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ئىگە بولىدىغان بولدۇم، دەپ ماختىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇلار سودىگەرنىڭ ئۆيىنى قۇرۇقدىماقچى بوپتۇ. تۈن يېرىم بولغاندا پاشاپ باقىلارنى باشلاپ سودىگەرنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. كېلىپ قارىسا، سودىگەرنىڭ ئۆيى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە پەقەت ئوخشىمايدىكەن، تاملىرى ناھايىتى ئېگىز ھەم قېلىن بولۇپ، ئۆي ئەتراپلىرىدا سۆڭگۈچ دەيدىغان ھېچقانداق يوچۇق تېپىلماپتۇ. باقىلار مۇنداق ئېگىز تاملارغا تۆز يولدا

ماڭغاندەك چىقالايدىكەن، لېكىن پاشاپنىڭ مۇنداق ماھارىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەيدىكەن. شۇڭا، يېڭى ئوغرىنىڭ بۇلارغا ماسلىشالماي تەمتىرەپ تۇتۇلۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇلار ئۇزاق ئويلىنىپ تۇرماستىن، ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ تامغا يامىشىپ ئۆگزىگە چىقىپتۇ. بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ قارىسا، پاشاپ تامغا قانچە قىلىپمۇ چىقالماپتۇ. ئاخىر باقىلار ئارغامچا سېلىپ، پاشاپنىڭ بېلىدىن ئارغامچا بىلەن تارتىپ ئۆگزىگە چىقىرىپتۇ ۋە سودىگەرنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈرۈپتۇ. باقىلار ھويلىدا ئۆز قائىدىسى بويىچە جۇۋىسىنى تەتۈر كىيىپ، خۇددى ياۋايى ھايۋان سىياقىغا كىرىپ، خىرىلدىشىپ، مىياۋلىشىپ غەلۋە ـ غوۋغا چىقىرىشقا باشلاپتۇ. پاشاپ بۇ ئەھۋالدىن قورقۇپ ئەتراپقا قارىغانىكەن، سۇپىدا بىر دانە كىچىك ساندۇق تۇرغۇدەك، ئۇ ساندۇقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالماقچى بولۇپ كىرىپ باققانىكەن، ساندۇققا پاتماپتۇ. دەرھال ئۇستىدىكى كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ يالىڭاچ بولۇپ كىرگەنىكەن، تەستىرەك پېتىپتۇ ۋە كۆڭلى سەل ئارام تېپىپتۇ.

باقىلار بۇرۇنقىدەكلا غوۋغا قىلىشىپ ھويلا ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈپتۇ، سودىگەر ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ھويلىغا چىققانىكەن، باقىلار تاراق ـ تۇرۇق قىلىپ، تام تۆپىگە چىقىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. سودىگەر بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ، تىترەك بېسىپ ئىشىكلىرىنى مەھكەم ئېتىپ ئۆيگە كىرىۋاپتۇ. باقىلار يەنە ھويلىغا كىرىپ غوۋغا كۆتۈرگىلى تۇرۇپتۇ. سودىگەر ئۆيدە تۇرالماي چىراغ ئېلىپ چىقىپتۇ.

كەنجى باقى ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ چىراغنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ. سودىگەر ئۆيىگە چىراغ ياندۇرغىلى كىرىشكە پەم بىلەن كەينىدىن بىللە كىرىپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا بېرىۋاپتۇ. سودىگەر چىراغنى ياندۇرۇشقىلا كەنجى ئوغرى بىر چۇقان سالغانىكەن، سودىگەرنىڭ قولىدىن چىراغ يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئاڭغىچە ئۇ پەملەپ تۇرۇپ سودىگەرنىڭ بېشىدا قويۇپ ياتقان جاۋاھىرات ساندۇقىنى قولىغا ئېلىپ هويلىغا چىقىپتۇ، سودىگەر ئەر ـ خوتۇن ئوپۇل ـ توپۇل چىراغنى ياندۇرۇپ، قولىغا پالتا ـ كەكە ئېلىپ هويلىغا چىقىپتۇ. قارىسا، هويلىدا ساندۇق تۇرغۇدەك، ئۇنىڭدىن باشقا هېچقانداق نەرسە كۆرۈنمەپتۇ. سودىگەر ئېغىلغا كىرىپ قاراپ بېقىپتۇ. ئېغىل ئىچىمۇ جىمجىت، ئۇ چىراغنى خوتۇنىغا بېرىپ، هېلىقى پاشىشاپ مۆكۈۋالغان ساندۇقنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئەكىرىپ، ئىشىكنى مەهكەم قۇلۇپلاپ يېتىپتۇ. باقىلار بولسا ئۆيدىن ئوغرىلىغان جاۋاھىرات ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ئۆيلىرىگە قايتىپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا سودىگەر ساندۇقنى يوقلاپ بېقىش ئۈچۈن قارىغانىكەن، ساندۇقنىڭ ئىچىدە پۇل ـ يامبۇلار ئورنىدا پاشىشاپ تىترەپ ياتقۇدەك، سودىگەر بۇنى كۆرۈپ هاڭ ـ تاڭ قاپتۇ ۋە پاشىشاپتىن سوراپتۇ. پاشىشاپ بولغان ئەهۋالنى يوشۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ هەممىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. سودىگەر بولغان ۋەقەنى خانغا مەلۇم قىپتۇ. خان ئۇزاق ئويلاپ ئولتۇرماستىن دەرهال بەگنى چاقىرتىپ، بەگلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئوغرىلارنىڭ ئورنىدا بەگنى

قاماپتۇ، پاششاپ خان ئالدىدا شەرمەندە بولۇپ، پاششاپلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپتۇ. شۇڭا «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن[1].

## قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھ كۆپ قېتىم ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، باللىق بولمىغانىكەن. پادىشاھنىڭ ياشلىق دەۋرى ئاخىرلىشىپ، قېرانلىق دەۋرىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. لېكىن، بىرەر پەرزەنتى بولمىغىنى ئۈچۈن تولىمۇ پەرىشان يۈرىدىكەن. بۇ ئىش توغرۇلۇق ئوردىدىكى ئۆلىما، مەسلىھەتچىلەر ھەر تەرەپتىن باش قاتۇرۇپ، تۈرلۈك ئاماللارنى قىلغان بولسىمۇ ھېچبىر ئۈنۈمى بولماپتۇ.

بۇ ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن ئوڭ قول ۋەزىر يۇرت ئارىلاپ پۇقرالار ئارىسىغا بېرىپ يۈرۈپ، بىر يېزىدا بىر باللىق بولۇپ، ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن بىر تۇل چوكاننىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر ئۇدۇل شۇ يېزىغا بېرىپ، ھېلىقى چوكاننىڭ ئۆيىنى تېپىپتۇ.

ئەسلىدە بۇ تۇل چوكاننىڭ ئاتا ـ ئانىسى تۇرمۇشىنىڭ

[1] «يەكەن خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى، 1989 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى.
ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇراخمان تۇنىياز     خاتىرىلىگۈچى: ئابدۇقادىر سەمەت



www.uyghurkitap.com

قىيىنچىلىقى بىلەن قىزنى بەك كىچىكلا ياتلىق قىلغانىكەن. كىچىك بالىلىق بولغان بۇ قىز بالىسىنى ئوڭشاپ باقالمىغاچقا، بالىسى بېقىش تاپماي، ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئېرى: «بىر بالىنى ئوڭلاپ باقالمىغان خوتۇننى قانداقمۇ خوتۇن قىلىمەن» دەپ قويۇۋەتكەنىكەن. ئېرىدىن تۇل قالغان بۇ چوكان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقانىكەن. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ۋەزىر قىزنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى، چىرايىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، پادىشاھ خالىسا، بولىدىغان لايىق ئىكەن دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئوردىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن پادىشاھقا كۆرگەنلىرىنى مەلۇم قىپتۇ.

پەرزەنت كۆرۈشنى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن پادىشاھقا ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ گېپى ياغدەك يېقىپتۇ. بىر ـ نەرسىنى ئويلىغان پادىشاھ بۇ ئىشنى يوشۇرۇن قىلىشنى مەسلىھەت قىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئوڭ قول ۋەزىر، — ئالدى بىلەن ئۇ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى رازى قىلىپ، ئۇ چوكاننى ئوردىغا ئالدۇرۇپ كېلىپ، تولا داۋراڭ قىلمايلا نىكاھ ئوقۇتۇپ، ئەمرىڭىزگە ئالسىلا. ناۋادا پەرزەنتلىك بولۇپ قالسىلا، قالغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلارمىز.

پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ گېپىنى توغرا تېپىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ نامرات چوكان ئوردىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئۆمرىدە بۇ دۇنيانىڭ راھىتىنى تۈزۈكرەك كۆرمىگەن بۇ تۇل چوكان بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا چىرايى تۈزۈلۈپ، گۈلدەك

ئېچىلىپتۇ ھەم ئېغىر ئاياغ بولۇپ پادىشاھنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋېتىپتۇ. ئاي - كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىچىك خانىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى توشۇپ بۇدرۇققىنە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ.

بالا مېھرىنىڭ ئىسسىقلىقىدىن تۇنجى قېتىم ھۇزۇرلانغان پادىشاھ نۇرغۇن تەييارلىق قىلىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ، يۇرتقا ئاش تارتىپ، شاھزادىنىڭ كەلگۈسى بەخت - سائادىتى ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن قۇرئان تىلاۋەت قىلدۇرۇپ، كىچىك خانىش بىلەن ئۆزىنىڭ نېسى قالغان تويىنىمۇ مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىرگە ئۆتكۈزۈپتۇ.

كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەنگەن شاھزادە بەكمۇ ئەركە، ئەمما تەرتىپلىك، ئەقىللىق ھەم زېرەك چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈنگەن پادىشاھ شاھزادىنىڭ كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇپ ئوقۇش يېشىغا توشقانلىقىنى كۆرۈپ، كەلگۈسى ۋارىسىنى قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ كامالەتكە يەتكەن قىلىپ تەربىيىلەش مەقسىتىدە، ئالدى بىلەن خەت - ساۋاتىنى چىقىرىش ئۈچۈن مەدرىسىگە بېرىپتۇ. پادىشاھ شاھزادىگە بەك ئامراق بولغاچقا، ئۇنى مەدرىسىگە ئاپىرىپ - ئەكېلىش، تامىقىنى ئاپىرىشنىمۇ ئۆزى قىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ شاھزادىنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى ئاپىرىش ئۈچۈن ئوردا ئالدىغا چىققىنىدا، ئىنتايىن جىددىي بىر ئىشى چىقىپ قېلىپ، قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرغىنىدا، كېتىۋاتقان بىر خوتۇنغا كۆزى چۈشۈپتۇ. پادىشاھ

ھېلىقى خوتۇندىن نەگە ماڭغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئۇ خوتۇن مەدرىسىگە ماڭغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ:
— ئۇنداق بولسا، ئىككىمىزنىڭ يولى بىر ئىكەن. مېنىڭ مۇھىم ئىشىم چىقىپ قالدى. مەن بارالمىغۇدەكمەن. مۇنۇ تاماقنى سىز ئاپىرىپ، مېنىڭ بالامغا يېگۈزۈپ قويسىڭىز، — دەپتۇ. ھېلىقى خوتۇن:
— مەن شاھزادىنى تونۇمىسام، — دەپتۇ. پادىشاھ:
— سىز مەدرىسىگە بېرىپ قارىسىڭىز، ھەممە بالىدىن كاتتا ھەم چىرايلىق كۆرۈنگەن بالا مېنىڭ بالام بولىدۇ. ئەنە شۇ بالىغا يېگۈزۈپ قويسىڭىز بولىدۇ، — دەپ يېنىدىن بىر تىللانى ئېلىپ ئۇ خوتۇنغا بېرىپتۇ. ئۇ ئايال خۇشاللىق بىلەن پادىشاھنىڭ قولىدىكى تاماقنى ئېلىپ مەدرىسىگە قاراپ مېڭىپتۇ.
بۇ ئايال ئېرىدىن تۇل قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر بالىسى بار ئىكەن. ئۆزى جاپا تارتىسىمۇ، تاپقان ـ تەرگىنىنى خىراجەت قىلىپ بالىسىنى مەدرىسىدە ئوقۇتۇۋاتقانىكەن. «بار ـ يوقى بىر بالام، باش ـ كۆزى تاز بالام» دېگەندەك، بۇ بالىنىڭ بېشى تاز، ئۆزى سەت ئىكەن. بۇ ئايال پادىشاھتىن ئالغان تاماقنى ئۆزىنىڭ ئاشۇ بالىسىغا يېگۈزۈپ قويغاندىن كېيىن ئۆيىگە كېتىپتۇ.
كەچكىچە قورسىقى ئېچىپ دادىسىنىڭ تاماق ئېلىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن شاھزادە بىر كۈنلۈك دەرسكىمۇ تۈزۈكرەك كۆڭۈل بۆلمەي، يولغا قاراپ ھالىدىن كېتەيلا دەپتۇ. ئاران دېگەندە ئۆيىگە بارغان شاھزادە شاھ

www.uyghurkitap.com

دادىسىنى كۆرۈپلا يىغلاپ كېتىپتۇ. ئەھۋالنى ئۇققان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، ھېلىقى تۇل خوتۇننى پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپتۇ. ئۇ خوتۇن ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك ئېگىلىپ تۇرۇپ ھۆرمەت بىلەن پادىشاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

ـــ ئۇلۇغ شاھىم، قانداق ئىلتىپاتلىرى مېنى ھۇزۇرلىرىغا قەدەم تەشرىپ قىلىشقا بۇيرۇغاندۇ؟ ـــ دەپتۇ. غەزىپىنى باسالماي تۇرغان پادىشاھ:

ـــ قانداق ئىلتىپات دېگىنىنى قارا تېخى. سەن نېمە ئۈچۈن تاماقنى مېنىڭ بالامغا بەرمەيسەن؟ ئۇ تاماقنى نەگە ئېلىپ باردىڭ؟ ئەگەر راستىنى ئېيتمىساڭ، كاللاڭنى ئالىمەن! ـــ دەپتۇ.

ـــ ھە، مۇنداق دېسىلە، ئۇلۇغ شاھىم، مەن تېخى قانداق ئىنئاملىرى بار ئىكىن دەپ، چوڭ تەمەدە كەپتىمەن، ـــ دەپتۇ تۇل خوتۇن پادىشاھنىڭ ھەيۋىسىگە پەرۋا قىلماي تۇرۇپ، ـــ سىلى ماڭا «تاماقنى ئەڭ كاتتا، چىرايلىق بالىغا بەرگىن» دېگەنىدىلە ئەمەسمۇ، مەن گەدىنىمدىكى قەرزنى ئادا قىلدىم. چۈنكى، مەدرىسىگە بېرىپ قارىسام، مېنىڭ ئوغلۇم ھەممە بالىدىن كاتتا ھەم چىرايلىق ئولتۇرۇپتۇ. تېخى ماڭا سالام قىلىپ ئالدىمغا كەلدى. مەن دەرھال سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئېسىمگە ئېلىپ، شاھىمنىڭ ئېيتقان گېپىگە قارىغاندا، مۇشۇ بالىغا بەرسەم بولغۇدەك دەپ ئويلاپ، تاماقنى ئوغلۇمغا يېگۈزۈپ، قورسىقىنى راسا تويغۇزۇپ، شۇنداق مەززىلىك تاماق ئەۋەتكەنلىرىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت

ئېيتىپ ئۆيۈمگە كەتتىم.

غەزىپىنى باسالماي ئولتۇرغان پادىشاھ تىرىكىپ: «مۇنۇ خوتۇننىڭ بالىسىنى ئېلىپ كېلىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. ھەش - ھەش دېگۈچە ياساۋۇللار بېشى تاز، ئۆزى سەت، كۆرۈمسىز بىر بالىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا سۆرەشتۇرۇپ ئېلىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئەكەلدۇرۇپتۇ - دە:

— ھەي گاداي، قاراپ باققىنا، كىمنىڭ بالىسى كاتتا، چىرايلىق ئىكەن؟ — دەپ مەغرۇر ھالدا شاھزادىنى كۆرستىپتۇ. يوقسۇللۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان بۇ ئانا ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى، جان - جىگىرىنىڭ قاتتىق خورلانغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بالىسىنى باغرىغا بېسىپ، باش - كۆزىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— «قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق» دەپتىكەن. مەن بىر ئىنسان بولغاندىكىن ئەلۋەتتە بالام ئۆزۈمگە كاتتا، چىرايلىق كۆرۈنىدۇ - دە، بۇ بالامغا قارىسىلا، ئۇلۇغ شاھىم، بۇ بالا چوڭ بولغاندا كاتتا بىر يىگىت بولىدۇ، ئۇ چاغدا سىلىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىدۇ ئەمەسمۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ لام - جىم دېيەلمەي بىر ھازا جىمىپ كېتىپتۇ. كېيىن ئويلىنىپ، بۇ تۇل خوتۇننىڭ ئۆز پەرزەنتىنى ياخشى كۆرۈپ بۇ گەپلەرنى ئېيتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپتۇ - دە، خىجىل بولغانلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق كۈلۈپ كېتىپتۇ. مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان ئانا بېشىنى كۆتۈرۈپ پادىشاھقا قارىغانىكەن، چىرايىدا

خاپىلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغان پادىشاھ خەزىنىچىنى چاقىرىپ: «مۇنۇ ئايالغا بىر ئاز ئالتۇن - كۇمۇش بەرگىن، تۇرمۇشىنى ياخشى ئۆتكۈزسۇن» دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن «قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق» دېگەن بۇ تەمسىل خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۆزىدىن كۆرمەيدىغانلارنى قامچىلايدىغان دەستۇرغا ئايلانغانىكەن[1].

## بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس،
## پۇت - قولنى ساڭگىلىتىپ

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىزدىن يىراق ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرت پادىشاھىنىڭ بىر شاھزادىسى بولۇپ، ئۇ ئوۋغا تولىمۇ ھېرىسمەن ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادە ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئاجايىپ گۈزەل بىر باغقا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ باغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىۋېتىپ، ئىنتايىن يېقىملىق سايرايدىغان ھەم ئادەمگە ئوخشاش سۆزلىيەلەيدىغان بىر تۇتىنى بايقاپتۇ. بۇ ئاجايىپ كارامەتكە ھەيران بولغان شاھزادە تۇتىغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ - دە، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ تۇتۇش نىيىتىگە كەپتۇ. شاھزادە

---

[1] «ئۈرۈمچى تيانشان رايون خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى، 1994 - يىل 10 - ئاي نەشرى.
ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇقېيىيۇم ئاخۇن خاتىرىلىگۈچى: ئابدۇرېھىم بارى

تۇتى قونغان ھەرقانداق جايغا سىرتماق قويۇپ بىرقانچە كۈن ھەپىلەشكەن بولسىمۇ ئۇنى تۇتالماپتۇ. تۇتى بولسا ئۆزىنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى بىلەن شاھزادىنى ئۆزىگە تېخىمۇ مەپتۇن قىپتۇ.

شۇ تەرىقىدە ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى شاھزادە بىر دەرەختە تۇتىنىڭ ئۇۋىسى بارلىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇۋىغا قىلتاق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى دەرەخ تۈۋىگە مۆكۈنۈپتۇ. تۇتى ئۇۋىسىغا يېقىن دەرەخنىڭ شېخىدا شاھزادىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغانىكەن. تۇتى: بۇ بىچارە مېنىڭ پېيىمدا يۈرگىلى خېلى كۈن بولدى. مېنىڭ خۇش ئاۋازىمدىن ھۇزۇرلانغىنىغا قانائەت قىلماي مېنىڭ ئۇۋامغا قىلتاق قويۇۋاتقىنىنى قارىمامدىغان، مەن قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قىلتىقىغا چۈشەرمەنمۇ؟ دەپ ئويلاپ ئىچىدە كۈلۈپتۇ.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تۇتىنى غەپلەت ئۇيقۇسى بېسىپ قاپتۇ. تۇتى ناھايىتى قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپلا ئۇۋىسىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ ۋە ئۇۋىسىغا چۈشۈپلا قىلتاققا ئىلىنىپ قاپتۇ. تۇتىنىڭ ئۆز ئۇۋىسىدا قىلتاققا چۈشكەنلىكىدىن خۇشال بولغان شاھزادە ئۇنى دەرھال ئالتۇن قەپەسكە بەند قىلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھەي جانىۋار، ھەي جانىۋار، ساڭا ھەر قېتىم قىلتاق قويغىنىمدا، سەن ھەر قېتىم تۇيۇپ قالاتتىڭ ياكى قېچىپ قۇتۇلاتتىڭ، بۈگۈن سەن قانداق قىلىپ سىرتماققا چۈشۈپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. تۇتى ھەسرەتلىنىپ:

— ئەي شاھزادە، مەن سېنىڭ ئۇۋامغا قىلتاق قويۇۋاتقىنىڭنى كۆرگەن ۋە سېنىڭ ئەخمەقلىقىڭدىن كۈلۈپ ئولتۇرغان ئىدىم. بىراق، بىر چاغدا مۈگدەپ قاپتىمەن. بىردىنلا جاھاننى ئوت يالقۇنى قاپلاپ گۈل - گىياھلار لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. قارىسام پەقەت ئۇۋاملا ئوت يالقۇنىدىن خالىي كۆرۈندى. شۇڭا مەن پاناھ تارتىپ ئۇۋامغا قاراپ ئۇچتۇم. ئەسلىدە غەپلەت ئۇيقۇسىدا چۈش كۆرۈپتىكەنمەن، بۇ مېنىڭ تارتقۇلۇقۇم ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە ئوردىسىغا قايتىپ بۇ ئىشنى باشقىلارغا ھېكايە قىلىپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇ ئىش يۇرت ئىچىگە كەڭ تارقىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يۇرت ئىچىدە: «بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت - قولىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەن تەمسىل پەيدا بولۇپ بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ[1].

## بۇلبۇلغا گۈل ياخشى، تورغايغا چۆل ياخشى

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، رەڭگارەڭ گۈللەر ھەر دائىم ئېچىلىپ تۇرىدىغان، بۈك - باراقسان دەرەخلىرى يىل بويى كۆكىرىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ گۈزەل بىر باغ بولغانىكەن. ئاشۇ باغدا بىر بۇلبۇل خۇشال - خۇرام ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بۇلبۇلنىڭ تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ گۈزەل باغقا يۆتكىلىپ بارغۇسى كەپتۇ - دە، شۇ كۈنىلا جەنۇبقا قاراپ

[1] ئېيتىپ بەرگۈچى: تۇرپان ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپتىن رىشىت قۇربان.

سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ جەننەتتەك گۈزەل باغ ئىزدەش سەپىرىدە پايانسىز چۆل ـ جەزىرىلەردىن ئۇچۇپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆز مەنزىلىگە يېتىش نىيىتىدىن يانماپتۇ. بىر كۈنى بۇلبۇل چۆل ـ باياۋاندا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ يىراقتىن كىچىككىنە بىر نەرسىنىڭ مىدىرلىغان گەۋدىسىنى كۆرۈپتۇ ۋە شۇ يەرگە قاراپ ئۇچۇپتۇ. بۇلبۇل يېقىن بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ كىچىككىنە بىر قۇش بالىسى ئىكەن. بۇلبۇل: بۇ ماڭا ئوخشاش يول يۈرۈپ ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ بۇ يەرگە چۈشۈپ ئارام ئېلىشقا مەجبۇر بولغان بىچارە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ كۆرەي، مۇبادا سەپىرىمىز ئوخشاش بولۇپ قالسا ھەمراھ بولارمىز، ئۇنداق بولمىسا بىردەم سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن يولۇمغا ماڭارمەن! دەپ ئويلاپتۇ.

بۇلبۇل ھېلىقى قۇشنىڭ يېنىغا قونۇپتۇ. بۇلبۇل ئۇنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىكەن، لېكىن بىر قاراپلا ئۇنىڭ مۇلايىم، ياۋاش بىر قۇش ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

— بۇرادەر، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن تورغاي بولىمەن، — دەپتۇ ھېلىقى قۇش.

— ماكانىڭ نەدە؟

— ماكانىم مۇشۇ...

تورغاينىڭ بۇ ماكانى بۇلبۇلنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. بۇ يەردە قانداقمۇ تىرىكچىلىك قىلغىلى بولار؟ بەلكىم ئۇ مېنى گوللاۋاتقاندۇ؟! دەپ ئويلاپتۇ بۇلبۇل. ئەمما تورغاينىڭ تۇرقىدىن يالغانچىلىق ئالامىتى كۆرۈنمەپتۇ، بۇلبۇل يەنە

سوراشقا باشلاپتۇ.

— راستمۇ؟

— راست بولمايچۇ؟

— بۇرادەر، مەن بۇلبۇل بولمەن، — دەپتۇ بۇلبۇل ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — باغۇ بوستانلاردا ياشايمەن، گۇللەرنىڭ كۈيچىسى بولمەن، تۇرمۇشۇم راھەت - پاراغەتتە ئۆتىدۇ. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، سېنىڭ مۇشۇ يەردە ياشىغىنىڭغا بەك ئىچىم سىيرىلىۋاتىدۇ، ماقۇل كۆرسەڭ مېنىڭ بىلەن يۈر، باغۇ گۇلشەن ئىچىدە ياشاپ، راھەت - پاراغەتتە بىللە ئۆتەيلى، — دەپتۇ.

تورغاي بۇلبۇلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ قاپتۇ. بۇلبۇل ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاخىرى تورغاينى بىللە كېتىشكە كۆندۈرۈپتۇ. ئۇلار بىرگە سەپەرگە ئاتلىنىپ ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، جەننەت كەبى گۈزەل بىر باغنى تېپىپ ماكانلىشىپتۇ. بۇ يەردە بۇلبۇل بىلەن تورغاي بىر تۇغقاندەك ئىناق ئۆتۈپ، بىر - بىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىشىپ، كۈنلەرنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. ئەمما، بۇنداق كۈنلەر ئۇزاققا بارماپتۇ. بىر كۈنى تورغاي ئۆزىچىلا شۈكلىشىپ يا سايرىماس، يا گەپ قىلماس بولۇۋاپتۇ.

— تورغايجان، نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ بۇلبۇل تورغايدىن ئەنسىرەپ.

تورغاي جاۋاب بەرمەپتۇ، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپتۇ. بۇلبۇل تېخىمۇ تىت - تىت بولۇپ تورغايدىن ئەھۋالنى كوچىلاپ سوراپتۇ. تورغاي ئىلاجىسىز ھالدا:

— مەن بۇ يەرگە پەقەتلا كۆنەلمىدىم، — دەپتۇ.

— بۇ يەر ئۆز ماكانىڭدىن نەچچە ھەسسە گۈزەل ھەم ياخشىغۇ؟ — دەپتۇ بۇلبۇل ھەيران بولۇپ.

— ئەمما، ئەسلىدىكى ئۆز ماكانىم كۆزۈمگە بۇ يەردىن نەچچە ھەسسە گۈزەل كۆرۈنۈپ، مېنى سېغىندۇرۇپ كېتىپ بارىدۇ، يۇرتۇمغا قايتىشقا رۇخسەت قىلساڭ، — دەپتۇ تورغاي.

بۇلبۇل بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇنى يەنە تۇتۇپ قالسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، تورغايىنىڭ ئۆز ماكانىغا قايتىشىغا قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار دوستلۇقنى مەڭگۈ ئەسلەپ تۇرۇشقا ۋەدىلىشىپ خوشلىشىپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ: «بۇلبۇلغا گۈل ياخشى، تورغايغا چۆل ياخشى» دېگەن تەمسىل ئەل ئىچىگە تارقىلىپ بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ[1].

## ئەقىلسىز سەركە ئېزىقتۇرار

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى چەكسىز كەتكەن بىر كاتتا يايلاق بولغانىكەن. ئاشۇ يايلاقتا ئوتلاۋاتقان قوي، ئۆچكە پادىلىرى قىن ـ قىنىغا پاتماي ئەركىلىشىپ يايلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، توساتتىن يايلاقنىڭ ھاۋاسى ئۆزگىرىپ يامغۇر ئارىلاش قار يېغىپ، سوغۇق چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان قوي پادىسىنىڭ باشلىقى قوچقارجان بىلەن ئۆچكە پادىسىنىڭ باشلىقى سەركىجانلار دەرھال كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، كۆپچىلىكنى

---

[1] ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىسرىپ مۇسا

قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش لازىملىقىنى كېڭىشىپتۇ.
— ئېگىزلىكتە تۇرايلى، چۈنكى «يەل كەينىدىن سەل» دېگەن گەپ بار، — دەپتۇ قوچقار.
— بولمايدۇ، مېنىڭچە ئېگىز يارنىڭ ئاستىغا پاناھلىنايلى، چۈنكى كىيىم - كېچەكلىرىمىز بىرئاز يېلىڭرەك، سوغۇقتىن ئۆلۈپ قالىمىز، — دەپتۇ سەركە.
— بولمايدۇ، — دەپتۇ قوچقار مېھرىبانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — چۈنكى ھاۋانىڭ سوغۇقلىقى ۋاقىتلىق، بىرئاز غەيرەت قىلساق ئۆتۈشلىپ قالىدۇ، ئەگەر سېنىڭ دېگىنىڭچە بولۇپ يار ئاستىغا پاناھلانساق دەھشەتلىك كەلكۈن كېلىپ قالسا بىر يولىلا تۈگىشىدىغان گەپ.
بىراق سەركە ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ:
— بولدى، ئاغىنە، سىناپ كۆرەيلى، سەن قوي پادىسىنى ئېگىزلىكتە تۇرغۇزغىن، مەن ئۆچكە پادامنى يار تۈۋىدە پاناھلاندۇراي، كېيىن كۆرۈشەرمىز، — دەپتۇ.
ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ئۆز پاناھ جايلىرىنى تېپىشىپتۇ. قوي پادىسى ھەرقانچە توڭلاپ تىترىسىمۇ بەرداشلىق بېرىپتۇ. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي، تاغ جىلغىلىرىدىن يىغىلغان سەل سۈيى ھەيۋەت بىلەن گۈركىرەپ كەپتۇ - دە، يارنىڭ لېۋىگە دەھشەت بىلەن ئۇرۇلۇپ، قورقۇنچلۇق ئاۋاز چىقىرىپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. يار ئاستىدا پاناھلىنىۋاتقان ئۆچكە پادىسى قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي بىردەمدىلا ھەيۋەتلىك ئېقىننىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىپتۇ.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ گۈزەل يايلاق قوياشنىڭ ئىللىق نۇرى بىلەن ئاۋۋالقىدىنمۇ گۈزەل تۈسكە كىرىپتۇ. قوي پادىسىنىڭ ئەزمەتلىرى يار لېۋىگە كېلىپ دائىم بىرگە ئۆتىدىغان ئۆچكە پادىسىدىكى دوست ـ يارانلىرىنى ئىزدەپتۇ. ئەمما، يار تۈۋىدە بىرمۇ ئۆچكە يوق، ھەممىسى دېگۈدەك كەلكۈن سۈيىدە ئېقىپ ئاللىبۇرۇن ئۆلگەنىكەن. قوچقار ئۆچكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىگە ئېچىنىپ ھەسرەت بىلەن:

— ئىسىت، قەدىرلىك ئۆچكە تۇغقانلار، سىلەر سەركىدەك ئەخمەق سەركەردەڭلەرنىڭ كاساپىتىدىن تامامەن ھالاك بولدۇڭلار، — دەپتۇ.

بۇ ئىش ئەل ئىچىدە ھېكايەت بولۇپ تارقىلىپ ئەل ئارىسىدا: «ئەقىلسىز سەركە ئېزىقتۇرار» دېگەن تەمسىل پەيدا بوپتۇ ھەم بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ[1].

## مىڭ سەرنى يوقاتقان بىر سەر

بۇرۇنقى زاماندا ئاق كۆڭۈل، ساددا بىر ئوتۇنچى بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ ناھايىتى ئەقىللىق، چېچەن بىر قىزى بار ئىكەن. بىر كۈنى بوۋاي ئادىتى بويىچە تۆگىسىگە ئوتۇن ئارتىپ بازارغا مېڭىپتۇ. ئۇ بازاردا بىر ئالدامچىغا

[1] ئېيتىپ بەرگۈچى: نەسرۇللا ئابلەت

يولۇقۇپ قاپتۇ. ئالدامچى ئوتۇنچى بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ ھەجىيىپ تۇرۇپ:

ــــ ھەي بوۋا، ئوتۇننى ساتامسەن؟ ــــ دەپ سوراپتۇ.

ــــ ساتىمەن، ــــ دەپتۇ بوۋاي.

ــــ ئوتۇنۇڭ ھەممىسى بىلەن قانچە پۇل؟ ــــ دەپ سوراپتۇ ئالدامچى.

ساددا بوۋاي گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى چۈشەنمەي:

ــــ ئون تەڭگە، ــــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئالدامچى بوۋاينىڭ ئالدانغانلىقىنى پەملەپ:

ــــ بولىدۇ، مەن ئالدىم، ــــ دەپتۇ ـ دە، بوۋاينى ئۆيىگە باشلاپتۇ. ئالدامچى ئوتۇنلارنى چۈشۈرۈۋېلىپ تۆگىنى ئېغىلىغا سولاپ قويۇپتۇ. بوۋاي بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ:

ــــ مەن ساڭا ئوتۇننى تۆگە بىلەن ساتمىدىم، ــــ دەپتۇ.

ئالدامچى ئۆكتەملىك قىلىپ:

ــــ «ئوتۇنۇڭ ھەممىسى بىلەن قانچە پۇل؟» دەپ ئالدىمغۇ؟ ھەممىسى بولغاندىكىن تۆگىمۇ بار ـ دە! ــــ دەپتۇ.

ئۇلار بىر ـ بىرىنى قايىل قىلالماي قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. قازى ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بوۋايدىن:

ــــ ئۇ راستتىنلا «ئوتۇنۇڭ ھەممىسى بىلەن قانچە پۇل؟» دېگەنمىدى؟ ــــ دەپ سوراپتۇ.

ــــ ھەئە، بىراق...

بوۋاي سۆزىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا قازى ھۆكۈم چىقىرىپتۇ:

— ئۇنداق بولسا تۆگەڭ بىلەن قوشۇپ ئالدۇ.

ئالدامچى ئوتۇنچى بوۋايغا ئون تەڭگە بېرىپ قوتۇلۇپتۇ. بوۋاي تۆگىسىدىن ئايرىلىپ، ئاچچىق ئەلەم بىلەن ئۆيگە قايتىپتۇ. بوۋاينىڭ غەمكىن ھالىنى كۆرگەن ئەقىللىق قىزى ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. بوۋاي بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. قىز ئاتىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ ئاچچىقى كېلىپ:

— بولدى، ئەتە ئوتۇننى ئۆزۈم ساتاي، — دەپتۇ.

ئەتىسى قىز بىر ئېشەككە ئوتۇن ئارتىپ بازارغا كىرىپتۇ. ھېلىقى ئالدامچى قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئوتۇنۇڭ ھەممىسى بىلەن قانچە پۇل؟ — دەپ سوراپتۇ.

قىز ئۇنىڭ گېپىدىن ئاتىسىنى ئالدىغان ئالدامچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ:

— پۇلۇڭنىڭ ھەممىسى بىلەن بىر تەڭگە، — دەپتۇ.

بۇ نۆۋەت ئالدامچى گەپكە دىققەت قىلماي:

— مەن ئالىمەن، — دەپ قىزنى ئۆيىگە باشلاپ مېڭىپتۇ. ئالدامچى ئوتۇننى چۈشۈرۈپ، ئېشەكنى ئېغىلغا سولاپ، قىزغا بىر تەڭگە بېرىپتۇ. قىز بۇنىڭغا رازى بولماپتۇ.

— ئۆزۈڭ بىر تەڭگە دېدىڭ، مانا بۇ بىر تەڭگىغۇ!؟ — دەپتۇ ئالدامچى جېددىيلىشىپ.

— مەن «پۇلۇڭنىڭ ھەممىسى بىلەن بىر تەڭگە» دېدىم، — دەپتۇ قىزچاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇلار ئەنە شۇنداق جېدەللىشىپ قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. قازى ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئالدامچىدىن:

— سەن نېمە دەپ سورىغان؟ — دەپ سوراپتۇ.

— «ئوتۇننىڭ ھەممىسى بىلەن قانچە پۇل؟» دەپ سورىغان، — دەپتۇ ئالدامچى.

قازى يەنە قىزدىن:

— سەن نېمە دەپ جاۋاب بەرگەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

قىز:

— «پۇلۇڭنىڭ ھەممىسى بىلەن بىر تەڭگە» دېدىم، — دەپتۇ.

قازى ئالدامچىغا:

— قىزنىڭ گېپى توغرا، سەن پۇلۇڭنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ، يەنە بىر كىمدىن بىر تەڭگە قەرز ئېلىپ بېرىسەن، — دەپ ھۆكۈم قىپتۇ.

ئالدامچى يىغلىغىنىگە تەن بەرمەي:

— ئۇنداق بولسا يالغان ئېيتىشايلى، كىم يىغۇالسا شۇنىڭ توغرا بولسۇن، — دەپتۇ.

قازى ماقۇل بوپتۇ. ئالدامچى ئاۋۋال سۆز باشلاپ:

— بىر كۈنى مېنىڭ ئايالىم مانتا ئەتمەكچى بولۇپ كاۋا توغرىدى، ئۇرۇقىنى پىشۇرۇپ چاقتۇق. ئاخىرىدا بىر تال كاۋا ئۇرۇقى ئېشىپ قاپتىكەن، ئۇنى ئېتىزغا تىرىدىم، راسا يوغان بىر كاۋا چۈشتى. بىر كۈنى قارىسام موزىيىم يىتىپ كەتتى، «نەگە كەتكەندۇ؟» دەپ ئىزدەپ بارسام، ھېلىقى كاۋىنىڭ ئىچىگە كىرىپ يېتىپتۇ، ئۇ موزاي ئىچىچە ھېلىقى كاۋىنى

دەپ تۇگىتەلمىدى.

— ۋاي، بۇنداق ئىشلار ناھايىتى نۇرغۇن، — دەپتۇ قىز، — بىر كۈنى ئاپام پولۇ ئەتتى. پولۇنى يەپ بىر تال گۈرۈچ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن، ئۇنى قورۇغا تېرىپ قويسام ناھايىتى ئېگىز كېۋەز ئۈنۈپ چىقتى. كۈزدە شەھەردىن يىگىرمە قىز، يىگىرمە يىگىتنى ئاچىقىپ پاختىسىنى تېرىگۈزدۈم. ئۈچ ئاكام قىرىق ئېشەككە پاختا ئارتىپ ساتقىلى باشقا شەھەرگە كەتكىلى ئۈچ يىل بولدى، تېخى قايتىپ كەلمىدى. قارىسام چوڭ ئاكامنىڭ چاپىنى سېنىڭ ئۇستۇڭدە تۇرىدۇ، سەن ئاكىلىرىمنى ئۆلتۈرۈپ پاختىلىرىنى ئېلىۋالغان ئوخشايسەن.

ئالدامچى بۇ گەپنى راست دېسە، قىزنىڭ ئاكىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل بولۇپ قالغاندىن باشقا، قىرىق ئېشەك ۋە پاختىنى تۆلىشى كېرەك. شۇڭا، ئۇ ئاخىر يېڭىلگىنىگە تەن بېرىپ ئۆيىدىكى بارلىق پۇلنى بۇ ئەقىللىق قىزغا بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. قىز ئۆز ئەقىل - پاراستى بىلەن دادىسىنىڭ تارتقان زىيىنىنى ئالدامچىدىن تۆلىتىۋاپتۇ. بۇ ئىش ئەتراپقا تارقىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن: «مىڭ سەرنى يوقاتقان بىر سەر» دېگەن تەمسىل ئىبرەت بولۇپ بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ[①].

**بۆرىنىڭ تاپقىنى تەڭ ئورتاق،**
**قاغىنىڭ تاپقىنى دەرەخ بېشىدا**

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، بىزدىن يىراق ماكاندا،

[①] ئېيتىپ بەرگۈچى: پىچان ناھىيىسى چىقتىم بازىرىدىن بەكرى ئىمىن

www.uyghurkitap.com

ئېگىز تاغنىڭ بېرىسىدا، پاكار تاغنىڭ نېرىسىدا بىر قويۇق ئورمان بولغانىكەن. ئاشۇ ئورماندا ھەر خىل ھايۋانلار بىرگە ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاغا ئوزۇقلۇق تاپالماي قاقىلداپ يۈرۈپ، بۆرىنىڭ بىر ئېشەكنى ئوۋلاپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. قاغا كۆڭلىگە بىر ئويىنى پۈكۈپتۇ ـ دە، بۆرىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كېلىپ:

— بۆرە ئاكا، بىز يېقىن دوستلاردىن بولساق، بۇنىڭدىن كېيىن تاپقاننى تەڭ يەپ، داۋاملىق ياخشى ئۆتسەك قانداق دەيسەن؟ — دەپتۇ.

بۆرە ئالدىدىكى يېمەكلىك ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغاچقا قاغىنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولۇپتۇ. قاغا بىلەن بۆرە ئېشەكنىڭ گۆشىنى تەڭ يەپ، بىرقانچە كۈننى ياخشى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئېشەك گۆشى تۈگىگەندە قاغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. كېيىنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۆرە بىرەر نەرسە ئوۋلىيالماي قاپتۇ. ئۇنىڭ قورسىقى تازا ئېچىپتۇ، ئوۋ ئىزدەپ يۈرۈپ ھالىمۇ قالماپتۇ. بۆرە بىرئاز ئارام ئېلىش ئۈچۈن بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ يېتىشىغا دەرەخ ئۈستىدىن بىر نەرسە چۈشۈپتۇ. بۆرە قارىسا ئۆزى بىلەن دوست بولغان قاغا دەرەخ ئۈستىدە بىر نەرسە يەۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرگەن بۆرە زور ئۈمىد بىلەن:

— جېنىم دوستۇم، يەۋاتقىنىڭ نېمە؟ قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، تەڭ يېسەك بولاتتى، — دەپتۇ.

قاغا بۆرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغان قىياپەتتە شاختا پەرۋاسىز ئولتۇرۇپ ئولجىسىنى يەۋېرىپتۇ. بۆرە قاغىنىڭ

بۇنداق شەخسىيەتچىلىكىدىن دىلى رەنجىپ كېتىپ قاپتۇ. بۆرە بۇ ئىشنى ئەتراپتىكىلەرگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن ھېچكىم قاغا بىلەن دوست بولماس بولۇپ قاپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «بۆرىنىڭ تاپقىنى تەڭ ئورتاق، قاغىنىڭ تاپقىنى دەرەخ بېشىدا» دېگەن تەمسىل بۆرە بىلەن قاغىنىڭ ئاشۇ كەچۈرمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن[1].

[1] ئېيتىپ بەرگۈچى: پىچان ناھىيە چىقتىم يېزىسى قۇمكارىز كەنتىدىن ئېلى ئىسمايىل